شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2001 - يىل 2 - سان

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

(ئومۇمىي 4 - سان)

## بۇ ساندا

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى


قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 8-جىلدى-نىڭ 15-بۆلۈمى (2-) ئۈستىدە تەتقىقات ......
...................... ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابلىم قېيۇم(1)
قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدىكى قوشما جۈملە تىپلىرىغا تەھلىل ..................
...................... تۇرسۇن ئايۇپ(44)
فرانسىيە كۇتۇبخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات
...................... ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق(51)


### ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى


توخرىلارنىڭ كۆچۈش يوللىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيە-لىك دەلىللەر .............. يۇ. ئا. زادنېپروۋىسكىي(57)
غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك .............. (62)


### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى


ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا دائىر ئىككى مەسىلە .............. قۇربان تۇران(63)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كورىيە (چاۋشيەن) دە قوللى-نىلىشى .............................. ئۆمەرجان نۇر(73)


### كارىز تەتقىقاتى


شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تارقىلىشى ھەققىدە قايتا مۇنازىرە ........ خۇاڭ شېڭجياڭ(77)
يېپەك يولىدىكى جۇڭگو كارىزلىرى.............. (94)


### ئا. ۋ. گابائىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز


ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئا. ۋون. گابائىن خانىمنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى
...................... رېيىنخاد ف هان(95)
ئورال-ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى............. ئا. ۋ. گابائىن(121)


### ئۇچۇر كۆزنىكى


شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلدى........ (123)


**مۇقاۋا يۈزىدە:** بۇددا دىنىدىكى سەككىز تەڭرىنىڭ بىرى ماكشاۋ-رى تەڭرىنىڭ رەسمى. رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى1.52 مېتىر، كەڭلىكى 1.04 مېتىر. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا بېغىشلىما بار. «مەنكى داموشىرو-نىڭ شاگىرتى شېئەي» قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى. بۇ رەسىمنى تۇرپان بېزەكلىك 9-غاردىن گېرمانىيىلىك لېكوك ئېلىپ كەت-كەن. كېسىلگەن ئىزغا دىققەت قىلىڭ.


ژۇرنال مەسلىھەتچىلىرى:
ئابلا قاسىم، ئابدۇقېيۇم خوجا، ھە-مىت نىياز، ۋەلى
تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسمى-لىكى
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابلا قاسىم
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەھرىر ھەيئەتلىرى:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ئەركىن مە-جىت، ئەنۋەر مۇھەممەت، زۇل-پىيە مۇھەممەت، سابىت ئەخ-مەت، قادىر ئىسمايىل، ليۇ خۇڭلياڭ، نيۇرۇجى، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى، ئۆمەر ئابدۇقا-دىر، ئىسرائىل يۇسۇپ، ئىد-رىس ئابدۇرۇسۇل
باش مۇھەررىرى:
ئابلىم قېيۇم
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئاۋىن
باش مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەھرىرلىرى:
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر

《吐鲁番学研究》
(2001年第2期,维吾尔文)
(总第四期)

编委会
主　任:阿不拉·卡斯木
副主任:阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼亚孜
编　委:
(按姓氏笔划为序)
牛汝极,艾尔肯·伊明尼亚孜,艾比布拉·霍加,艾尔肯·米吉提,艾尼瓦尔·买买提,伊斯拉菲·玉素甫,伊迪利斯·阿不都热苏勒,沙比提,阿不都古力·阿不利米提,吾买尔·阿不都哈地尔,柳洪亮,哈地尔·斯马义,祖力菲亚·买买提
主　编:阿布力木·克尤木
特邀编审:
艾尔肯·伊明尼亚孜
编　辑:
阿不都古力·阿不利米提,艾尔肯·伊明尼亚孜,祖力菲亚·买买提,吾买尔·阿不都哈地尔

# 目录

·古文献研究·
回鹘文《金光明经》第八卷第十五品(2)之研究 ……………………… 伊斯拉菲尔·玉苏甫、阿布力木·克尤木 (1)
关于突厥语碑铭中复合句之句型的分析 ……………………… 吐尔逊·阿尤甫 (44)
法国图书馆所藏回鹘语文献的简况 ……………………… 艾尔肯·伊明尼孜·库吐鲁克 (51)
·考古与文物研究·
关于大月氏迁徙之考古学依据 ……………………… V·A·扎德诺甫罗维斯基 (57)
西域三十六国之名 ……………………… (62)
·吐鲁番学研究·
关于高昌回鹘汗国早期历史的两个问题 ……………………… 库尔班·图兰 (63)
回鹘文在韩国(朝鲜)的使用情况 ……………………… 吾买尔江·努里 (73)
·坎儿井研究·
再论新疆坎儿井的来源与传播 ………… 黄盛璋 (77)
丝绸之路上的中国坎儿井 ……………………… (94)
·——为纪念冯·佳班女士诞辰百年特稿·
卓越的突厥学家A·Von葛麦丽女士之著作索引 ……………………… 雷恩哈特·哈恩 (95)
乌拉尔—阿尔泰学学会的学术活动 …… 冯·佳班 (121)
·会议信息·
新疆吐鲁番学国际学术研讨会在吐鲁番市召开 ……………………… 阿布力木·克尤木 (123)

(封一).多面明王(吒枳大忿明王?)像　壁画,高1.52米,宽1.04米,画面上有汉文和回鹘文榜题,汉文榜题为"我达摩室啰弟子写矣",高昌回鹘时期。伯孜克里克9窟耳室中间隔墙,勒柯克《火州》图版34。

新疆吐鲁番学学会
新疆吐鲁番地区文物局　主办

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 8 - جىلدىنىڭ 15 - بۆلۈمى (2-) ئۈستىدە تەتقىقات

ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابلىم قېيۇم

بىز «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ 2001 - يىل 1- سانىدا (15 ~ 37- بەتلەر)، «ئالتۇن ياراق»نىڭ قول يازما نۇسخىسىنى 1980 - يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىن تېپىلغان بىر كەمتۈك ۋارىقىنىڭ كەينى بېتىدىكى مەزمۇنغا ۋە 1913 - 1917 - يىللىرى، رۇسىيىلىك رادلوف بىلەن مالوۋلار «ئالتۇن ياراۇق»نىڭ 1910 - يىلى 5 - ئايدا گەنسۇ جيۇچۈەندىكى ۋېنشۇگوۋدىن تېپىلغان نۇسخىسى ئاساسىدا، مىخ مەتبەئە ھەرپىدە تىزدۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى (تۆۋەندە «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دەپ ئېلىنىدى)غا ۋە «ئالتۇن يارۇق»نىڭ يىجىڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، «‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ 8 - جىلدىنىڭ 16 - بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات»نى ئېلان قىلغان ئىدۇق. ئەمدى بىز 1980- يىلى بېزەكلىكتىن تېپىلغان كەمتۈك ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىدىكى مەزمۇنغا، «مىخ مەتبەئە نۇسخا»غا ۋە يىجىڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 8 - جىلدىنىڭ 15 - بۆلۈمى (2-) ئۈستىدە يۈرگۈزگەن تەتقىقات نەتىجىمىزنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمىز.

بىز ئالدى بىلەن، كەمتۈك ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىدىكى 11 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇپ، مەزمۇنىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى «مىخ مەتبەئە نۇسخا» بىلەن خەنزۇچە نۇسخىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 8 - جىلد 15- بۆلۈم(2-) نىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇن بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. «مىخ مەتبەئە نۇسخا»غا ئاساسلانغاندا، «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرى ئىچىدە، ئەڭ تولۇقراقى ھېسابلانغان ۋېنشۇگوۋ نۇسخىسىدىمۇ، 15 - بۆلۈم (2-) نىڭ 1 - ۋارىقى يوق (قالغان ۋاراقلىرى تولۇق) بولغاچقا، بۇ بۆلۈمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئاتالغانلىقىنى ئۇچرىتالمىساقمۇ، لېكىن خەنزۇچە نۇسخىسىدا، 7 - جىلد 15 - بۆلۈم (1-) بىلەن 8 - جىلد 15 - بۆلۈم (2-) ناملىرىنىڭ ئوخشاش ئاتالغانلىقى ۋە 7 - جىلد 15 - بۆلۈم (1-) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ساراسۋاتى ئاتلىغ تەڭرى قىزى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ بىش يىگرمىنچ بۆلۈك» دەپ ئاتالغانلىقىغا ئاساسەن، 15 - بۆلۈم (2-) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىنى «ساراسۋاتى ئاتلىغ تەڭرى قىزى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ بىش يىگرمىنچ بۆلۈك ئىكىنتى» («ساراسۋاتى ئاتلىق تەڭرى قىزىنىڭ تىلەك تىلىشى ناملىق يىگىرمە بەشىنچى بۆلۈمنىڭ ئىككىنچىسى») دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ بۆلۈم خەنزۇچىدا 大辩才天女品第十五之二 دەپ ئاتالغان.

بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا، ئالدى بىلەن 1980 - يىلى تېپىلغان كەمتۈك ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىدىكى 11 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى (يەنى ترانسكرىپسىيە I نى) ئاندىن «مىخ مەتبەئە نۇسخا»غا ئاساسەن، 8 - جىلد 15 - بۆلۈم (2-) نىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى (يەنى ترانسكرىپسىيە II نى) بەرگەندىن كېيىن، ترانسكرىپسىيىنى خەنزۇچە ئەسلى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرغان ئاساستا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە ئۇچرايدىغان بارلىق بۇددىزم ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھ بېرىپ چىقتۇق. ئاخىرىدا، قەدىمكى

ئۇيغۇرچە تېكستنىڭ تەرجىمىسىنى (ياكى يەشمىسىنى) بەردۇق. ترانسكرىپسىيە Ⅱ نى بەرگەندە، بىز «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دا كۆرسىتىلگەن ھەر بىر بەتتىكى خەتلەر قۇرلىرىغا ئايرىم رەت نومۇرى بەرمەستىن، بەلكى 15 - بۆلۈم (2-) نىڭ ساقلىنىپ قالغان 2 - ۋارىقىنىڭ ئالدى بېتى 1 - قۇردىن، ئۇنىڭ 8 - ۋارىقىنىڭ كەينى بېتىنىڭ 15 - قۇرىغىچە (بۆلۈم مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ) تۇتاش قىلىپ قۇر رەت نومۇرى بەردۇق. بىراق، قىزىققۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، «مىخ مەتبەئە نۇسخادا بېرىلگىنى بويىچە، جىلد نومۇرى، بۆلۈم بەت نومۇرى (a، b ھەرپلىرى ئالدى، كەينى بەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) ۋە «مىخ مەتبەئە نۇسخا» نىڭ بەت نومۇرى قاتارلىقلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى تۆۋەندىكىچە ئەسكەرتىش بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق:

1 - ترانسكرىپسىيىنى خەلقئارا ئورتاق قوللىنىۋاتقان لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە بەرگەن بولساق ياخشى بولاتتى. بىراق، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە قولاي بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بەردۇق.

2 - ماقالىمىزدىكى (ئىزاھ قىسمىدىكى خەنزۇچە خەتلەر ۋە سانسكرىتچە، سوغدىچە ئاتالغۇلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى سولدىن ئوڭغا يېزىلىش تەرتىپى بويىچە بېرىلدى.

3. ترانسكرىپسىيە I دە، ( ) بەلگىسى ئىچىدە بېرىلگەن سۆزلەر، «مىخ ئەتبەئە نۇسخا» غا ۋە كەمتۈك ۋاراقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ (چۈنكى كەمتۈك ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىدىكى 11 قۇر خەتمۇ تولۇق ساقلىنىپ قالالمىغان) . ترانسكرىپسىيە I دىكى 11 قۇر مەزمۇن ترانسكرىپسىيە Ⅱ نىڭ 280 ～ 290 - قۇرلىرىدىكى مەزمۇنغا توغرا كېلىدۇ.

4. ترانسكرىپسىيە Ⅱ دە، ( ) بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر، «مىخ مەتبەئە نۇسخادا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

5. تەرجىمىدە ( ) بەلگىسى ئىچىدە بېرىلگەن سۆزلەر، ئەسلى تېكستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تەرجىمىنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالە ئاپتورلىرى تەرىپىدىن قوشۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

6. تەرجىمىمۇ ترانسكرىپسىيە قۇرىغا توغرىلاپ بېرىلدى. بىراق تەرجىمىنىڭ راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، بەزى قۇرلاردىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى.

7. ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ قىزىققۇچىلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تېكست ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى بىلەن خەنزۇچە ئەسلى تېكستنى سېلىشتۇرۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ماقالە ئاخىرىدا، خەنزۇچە ئەسلى تېكست ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇ يېزىقى بىلەن بېرىلدى.

8. ئىزاھ ترانسكرىپسىيە قۇر نومۇرى بويىچە بېرىلدى.

9. «مىخ مەتبەئە نۇسخا» تېكىستىدە، د بىلەن ت، ز بىلەن س، ق بىلەن غ تاۋۇشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ھادىسىسى بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال تازا ئىزچىل ئەمەس (مەسىلەن، تېكستتە "ئەدگۈ" سۆزى "ئەدگۈ" دەپمۇ "ئەتگۈ" دەپمۇ يېزىلغان) ، شۇڭا ئۇنداق سۆزلەرنى ئەسلى تاۋۇشى (تاۋۇشلىرى ئالماشتۇرۇلمىغان چاغدىكى تاۋۇشى) بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



## ترانسكرىپسىيە I

1. (تەڭرى) قىزى كوندىنى بىراماذ - ىنىڭ بۇ
2. (ئۆتۇ) گىن ئەشىدىپ ئىنچا تىپ تىدى. .
3. ئەدگۇ ئەدگۇ براماذ - ا بىرۆك كىم قايۇ
4. تىنلىغ - لار كىم س(ە)ن سۆزلەمىش . . دارنىغ
5. د(ا)رنى ئۇزەكى ئۆگدى شلوكلارىغ
6. ئاغىزلارىنتا تۇتۇپ . . نومچا تۆرۇ-
7. چە ئۇچ ئەردىنى - كە ئىنانىپ سۇزۇك
8. كىرتگۇنچ كۆڭۇل ئۆرىتىپ كۆنى
9. ئۆگىن كۆنى كۆڭۇل - ـ(ن) بۇ نوم
10. ئەردىنىگ ئوق (مىيۇ) د(ارنىلار)ىغ سۆ(ز)-
11. لەيۇ (نە تۇرلۇگ قۇت قولۇنسارلار بارچە)

## ترانسكرىپسىيە II

VIII. 2a 499

1. ي(ا)رلىق ي(ا)رلىقاسار - لار تۆزىنچە
2. ي(ا)رلىقاداچى . . چىنىنچا ي(ا)رلىقاداچى
3. ئەگسۇكسۇز ئىگىتسىز ي(ا(رلىقاداچى
4. ي(ا)رلىقا يۇرلار :: يانا ئۇلگۇسۇز
5. سانسىز كولتى سانىنچا كالپ
6. ئۆتلەردىن بەرۇ يانا
7. تۇرقارۇ ئۇرۇگ ئۇزاتى كۆنى
8. . كىرتۇ ساۋىغ ئوق ي(ا)رلىقا يۇرلار
9. ئەرتى :: كىم - لەر بىرۆك ئادىنى -
10. لار كۆنى كىرتۇ ساۋلىغ ئەرسەر-
11. لەر :: ئىنچىپ ئۇلارنىڭ ئول ئانتاغ
كىرتۇ ساۋلارىڭا يمە ئىيىن
13. ئۆگىرۇ (ي)ارلىقا يۇرلار ئەرتى::
14. ئول ئانتاغ سۆدىنبەرۇ كۆنى كىرتۇ
15. ي(ا)رلىق - لىغ - لار ئۇچۇن :: ئانىن ئەمتى
16. كىلىڭ يەتىز يۇقايەتىز يۇمشاق

17. يىمىرق - ا ككىرسىز مۇنسۇز
18. ئارىغ سۇزۇك يىپۇن لىنخۇا
19. ياپىرغا ق - ـ - تەگ ئوڭارۇ ئەۋرىلمىش
20. ئىدۇق تىللىگ ئەردىنى - لەرىن ئاغىز-
21. لىغ ۋىماز - لارىنتا ئۇنتۇرۇ
22. يارلىقاپ :: تولپ يۇزلۇگ تىلگەن-
23. لەرىن بۇتۇرۇ ئۆرتە ي(ا)رلىقايۇرلار::
24. ق(ا)لتى يۇزلۇگ تىلگەن - لەرىن نەتەگ
25. ئۆرتە ي(ا)رلىقايۇر ئەرسەرلەر ئانچ-
26. ـۇلايۇ ئوق چامبۇدۋىپ يىرتىنچۇگ
27. ئۇلاتى ئۇچ دىۋىپ - لارىغ مىڭ يىر-
28. تىنچۇگ :: ئۇچ مىڭ ئۇلۇغ
29. مىڭ يىرتىنچۇگ . . ئۆتكۈرۈ ئون-
30. ـتىن سىڭارقى ئۇلۇش - لارىغ بىر
31. يمە قودمادىن تۇزۇ تۇكەتى
32. بارچانى توشغۇرۇ تويۇ ئۆرتە
33. ي(ا)رلىقايۇرلار :: ساقىنۇ سۆزلەيۇ
34. يىتىنچىسىز ئول ئانتاغ ئىدۇق
35. قۇتلۇغ تىل - لىگ ئەردىنى - لەرى ئۇزە ::
36. يانا ئىنچىپ نىزۋانى - لىغ
37. ئووت يالىنى - مىن ئۆرتەنۇ كۆي - ە
38. تۇرداچى ئىسلمىش چولمىش كۆڭۈللۈگ
39. ئىرىنچ ي(ا)رلىغ تىنلغ ئوغلان-
40. لارىن نوملۇغ ياغمۇر ياغىتىپ ئىنچ
41. تىنچ - قا تەگۈرۈ ي(ا)رلىقادى - لار
42. ئانى ئۇچۇن م(ە)ن قوپ سۇزۆك
43. كىرتگۇنچ كۆڭۈل - ۇم ئۇزە ئايايۇ
44. ئاغىرلايۇ يىنچۇرۇ تۆپۇن يۇكۇنۇپ

VIII. 3a 501

45. يانا يمە يۇكۇنۇ تەگىنۇر
46. م(ە)ن ئول بۇرخانى - لارنىڭ ئىدۇق تىل
47. لاكشانى - لارىڭا م(ە)ن يمە سوق-
48. انچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەم-
49. كە تۇكەل - لىگ بولۇ تەگىنەيىن. .::
50. ئىسىگ ئۆزۇمۇز تىنبەرۇ
51. سۇزۆك كىرتگۇنچ كۆڭۈل - ۇم ئۇزە. .
52. يۇكۇنۇرم(ە)ن ئالقۇ بۇرخانى - لار-
53. نىڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇر -
54. ماق ئەدرەم - ىڭە . . يۇكۇنۇرم(ە)ن ئالقۇ

www.uyghurkitap.com

55. بودستۇ لارنى سۇقانچىغ تاتىغـ
56. لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ ـ ىگە . .
57. يۇكۇنۇرمـ (ە) ن ئالقۇ پراتيىكا بۇتـ
58. لارنىڭ ئارخانت ـ لارنىڭ
59. سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق
60. ئەدرەمـ ـ ىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن تۆرت
61. تۇرلۇگ قۇت ـ قا قاتىغلانداچىـ
62. لارنىڭ سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇر
63. ماق ئەدرەمىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن تۆرت
64. تۇرلۇگ قۇت ـ قا تەگمىش تۇزۇنـ
65. لەرنىڭ سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ
66. تىلاڭۇرماق ئەدرەمىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن

VIII • **3b** • 502

67. تۆرت تۇرلۇگ تۇزۇن ـ لەرنىڭ
68. كىرتۇسى نومـ ـ ۇغ نومـ ـ لاداچىـ ـ لارنىڭ
69. سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەـ
70. مىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن كۆنى يورىغ ـ لىغـ
71. لارنىڭ كۆنى كۆرۇمـ ـ لۇگ ـ لەرنىڭ
72. سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق
73. ئەدرەمىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن
74. ئەزرۇئا قۇۋراغ ـ ى ئارزد ـ لارنىڭ
75. سوقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق
76. ئەدرەمىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن ئۇلۇغ
77. تەڭرى ئۇما قاتۇن ـ نۇڭ
78. سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق
79. ئەدرەمـ ـ ىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن ساكاندى
80. ئاتلغ ت(ە) ڭرى [قىزدـ]نىڭ سۇقانچىغ
81. تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ ـ ىگە . .
82. يۇكۇنۇرمـ (ە) ن ماناسى ئاتلغ لۇۋ
83. قاند ـ نىڭ سۇقانچىغ تاتىغلىغ
84. تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ ـ ىگە . .
85. يۇكۇنۇرمـ (ە) ن سوماۋى ئاتلغ ت(ە) ڭرد ـ نىڭ
86. سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق
87. ئەدرەمـ ـ ىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن ئەزرۇئا
88. خورمۇزتا تۆرت مىخارانچ تەڭردـ
89. لەرىڭ سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق

VIII. **4a** 503

90. ئەدرەمـ ـ ىگە . . يۇكۇنۇرمـ (ە) ن سۇپراتىستىتا

91. ئاتلغ تەڭرد - ىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغـ
92. ـلىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ - ـڭە. .
93. يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ۋچراپانى تەڭرد - ىنلڭ
94. سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
95. ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇر مـ(ە)ن ۋسنۇ
96. تەڭرد - ىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاـ
97. ڭۇرماق ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن
98. ۋىمالى ئاتلغ تەڭرى قىزد - ىنلڭ
99. سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
100. ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن شىسىدىۋى
101. ئاتلغ ت(ە)ڭرد - ىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغـ
102. ـلىغ تىلاڭۇرماق ئەردەمـ - ڭە. .
103. يۇكۇنۇرمەن شىرىدىۋى ئاتلىغ ت(ە)ڭرى (قىزد)ـ
104. ـىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
105. ئەدرەمـ - ـڭە . . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن شىرىمادى
106. ئاتلغ ت(ە)ڭرد ـ ىنلڭ سۇقانچىغ
107. تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەمـڭە. .
108 - يۇكۇنۇرمـ(ە)ن شىرىدىۋى ئاتلغ ت(ە)ڭرد ـ
109. ـىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
110. ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ئۆگ ت(ە)ڭرد ـ
111. ـىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغ ـ لىغ تىلاڭۇرماق

VIII. 4**b**. 504

112. ئەردەمـ - ـڭە . . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن خارىتى ئاناسىـ
113. ـىنلڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
114. ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ئالقۇ تۇزـ
115. ۇن ياۋاش يەك - لەرنىلڭ سۇقانچىغ
116. تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ - ـڭە. .
117. يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ئوندىن سىڭارقى ئورۇنـ
118. ـلارتا ئەرىگمـ - ە ئۇلۇغ كۈچلۈگ
119. ئەركلىگ - لەرنىلڭ سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ
120. تىلاڭۇرماق ئەدرەمـ ـ ـڭە. . كىم بۇلارـ
121. نىلڭ نەچە بار ئەرسەر يىگ ئەدرەمـ
122. ـنىلڭ ئىش كۆتۈگ - لەرى ئارت باسۇت
123. قىلسۇن ـ لار ماڭا . . تەگۇر زۇن - لەر
124. مىنى ئالقىنچىسىز تۇكەتىنچىسىز
125. سۇقانچىغ تاتىغ - لىغ تىلاڭۇرماق
126. ئەدرەمـ - ـڭە. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ئەزۇكسۇز
127. ئارماقسىزلارقا . . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن ئوزمىش
128. قۇترۇلمىش - لارقا. . يۇكۇنۇرمـ(ە)ن

www.uyghurkitap.com



129. ئامرانماق - تىن ئۆدرۈلمىش - لەر
130. كە. . يۈكۈنۈرمەن ئۆرتۈگ - لەرىگ
131. ئەگرىك - لەرىگ ئىدالمىش - لارقا. . يۈكۈن-
132. ۈرمەن كۆڭۈلى ئارىغ سۈزۆك - لەر
133. كە. . يۈكۈنۈر(ە)ن ي(ا)رۇق ياشۇق - لارقا. .
134. يۈكۈنۈر(ە)ن كۆنى كىرتۈ ساۋلىغ - لارقا::

VIII. 5**a**. 505

135. يۈكۈنۈر(ە)ن يىدىن يۇقىن تارقارمىش
136. لارقا. . يۈكۈنۈر(ە)ن يىگ يۆرۈگ - تە
137. تۇرمىش - لارقا يۈكۈنۈر(ە)ن ئۇلۇغ تىنلىغ -
138. لارقا. . يۈكۈنۈر(ە)ن ساراسۋاتى
139. (ت)ەڭرد - كە كىم مىنى تىدىغسىز
140. تىلاڭۇ قىلتاچى - قا :: قۇت قۇلۇر(ە)ن
141. يالۋارۇ . . كۈسەمىش تىلەمىش ئىش - مىن . .
142. ت(ە)ركىن تاۋراتى بارچانى . . تۇزۇ
143. تۈكەدى بۈتۈرزۈن . . ئۆرۈگ
144. ئۈز - ياتى ئىنچ ئەسەن. . ئىگسىز كەم-
145. سىز بولايىن. . ئۆزۈم ياش - ىم ئۇستە-
146. لىپ . . ئۈزۈن ئۆزۈگ ياش - ىغ بولايىن. .
147. ئۈز ئۇقايىن بىلەيىن بىلگە بىلىگ
148. د(ا)رنى ئەدرەم . . بىشرۇنغالى ئۆتلەيىن
149. بودى يول - ۇغ بولغۇقا. . كىڭۈرۈ
150. ئاسىغ قىلايىن. . قاماغ تىنلىغ ئوغلاذ - ىڭا. .
151. كۈسەمىش كۈس - ۈش - ۈمىن . . ت(ە)رك - كى
152. ە ئۆدۈن قاندۇرسۇن. . م(ە)ن سۆز-
153. لەيۈ تەگىنۈر(ە)ن. . كۆنى كىرتۈ چىن
154. ساۋىغ . . م(ە)ن سۆزلەيۈ تەگىنۈر(ە)ن. .
155. ئەزۈكسۈز ئارماق - سىز كىرتۈ سۆز-
156. ۈگ . . تىلاڭۇرماق ئەركلىگى. . تۈزۈن

VIII. 5**b** 506

157. ت(ە)ڭرى قىزد - ي - ا. . قىلىڭ مىنى
158. تۈكەللىگ . . بۇ ئەدرەم - لەركە
159. ئەكسۈكسۈز . . قۇت قۇلۇر(ە)ن
160. كۈسەيۈ. . ت(ە)ڭرى قىزى، سىز كەلىپ. .
161. قىلىڭ مىنى ساۋى . . تىدىغسىز
162. كەد تىلاڭۇ. . ت(ە)ركىن كىرىپ
163. ئورنانىڭ . . ئاغىزىم ئىچىن تىل - ىم-
164. نە . . تىتىك ي(ا)رۇق بولايىن. . تىلاڭۇرماق

165. ئەدرەم - كە تۆكەل - لىگ .. قۆت
166. قولۇرم (ە) ن كۈسەيۈ .. بۇ مەنىڭ تىل - ىم
167. تەگشىلزۈن.. ئۆغرايۇ تەگەيىن
168. بۇرخاد - لارنىڭ.. ئىدۇق ئارىغ
169. تىلاڭۇرماق - ىڭا. ئانتاغ ئوسۇغ
170. لۇغ ساۋ سۆز نۆك. كۆچى كۈسۈنى
171. ئۆغرىنتا.. ئالقۇ تىنلىغ - لار ئوغلاد
172. ىن.. ياۋالتۇرداچى بولايىن. بىرۆك
173. مەنىڭ ئاغىغىم - تا ساۋ سۆز تاش
174. قارۇ ئۇنتۇكدە.. ساۋىم ئىيىن
175. يۆرۈگى.. بۇتزۇن بارچا قالىسىز..
176. ئەشىدتەچى تىنلىغ - لار. ئاغىر ئاياغ
177. قىلزۇد - لار.. قايۇئىش كۆتۈگ قىلتۇق
178. تا. يوق - سۇز قۇرۇغ بولمازۇن تىپ..
179. مۇنچۇلايۇ ئۆئۈنۈپ. تىلاڭۇرماق

VIII. 6a. 507

180. ئەدرەم كۈسەيۈ. ئاپام بىرۆك ئىش
181. ىم (ى) ن.. بۇتۇرمەز ئۆك ئەرسەرسىز..
182. ت (ە) ڭرىم سىزلىڭ ئاغىزانمىش..
183. كۆنى كىرتۇ ساۋىڭىز.. ئالقۇ
184. بارچا بۇزۇلۇپ.. ئەزۆك بولغاي
185. سىزىكسىز.. قىلتاچى - لار
186. بار ئەرسەر.. ئانانتارش ئايىغ
187. قىلىنچىغ.. بۇرخاد - لارنىڭ
188. ي (ا) رلىق - ى.. ياۋالتۇرۇر بوقۇرۇر..
189. ئازۇ يمە ئۇلاتى.. ئاياغقا
190. تەگىملىك ئارخانت - لارنىڭ.. قايۇ
191. نەچە بار ئەرسەر.. ئەدگۈتۈشلۈگ
192. ساۋلارى.. شارىپۇتىرى بىلگە
193. نىڭ.. مۇدگال - يايانى ئارخانت - نىڭ
194. ت (ە) ڭرى بۇرخان تىتسى - لارى..
195. باشتىنقى يىگ قۇۋراغ - نىڭ.. مۇنتاغ
196. ياڭلىغ تۇزۇد - لەرنىڭ.. كۆنى كىرتۇ
197. ساۋلارىن. قۇت قولۇرم (ە) ن كۈسەيۈ..
198. تۆكەللىگ بولايىن بارچاقا.. ئانىن
199. ئامتى ئوقىيۇ.. ئۆتۈنۈرم (ە) ن ئالقۇنى
200. ت (ە) ڭرى بۇرخان تىتسى - سى. شراۋاك - لار (نىڭ)
201. قۇۋراغ - ىن.. قاماغۇن بارچا تەرك
202. تاۋراغ.. كۈسۈشۈم ئىيىن كەلزۇد - لەر.. تۆزۈ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



VIII. 6**b**. 508

203. تۆكەل بۆتۆرسۆز - لەر . كۆڭۆل - تەكى
204. تىلەكىمىن . كۆسەيۆرم(ە)ن قولۆرم(ە)ن . .
205. كۆنى كىرتۆچىن ساۋىغ . . ئالقۆ ئۆغرىن
206. كۆسەيۆرم(ە)ن . . ئەزۆكسۆز ئىگىدسىز كىرتۆسۆز-
207. ۆگ . . ئۆستۆن تۆرداچى ت(ە)ڭرد - لەرىگ . .
208. ئۆڭ ئالقىنچۆسى ئورۆز - ۆغ . . ئۆلاتى
209. كەزىكچە سۆداۋاس ئارىغ يىرتە
210. تۆرداچد - لارىغ . ئۆلۆغ ئەزرۆئا
211. بۆرىيۆق - لارىن يمە بىرگەرۆ . ئانچۆلايۆ
212. ئوق قالىسىز . ئەزرۆئا قۆۋراغ - ى
213. ت(ە)ڭرد - لەرىگ . ئاڭمىنتىن كىڭۆرۆ . .
214. ئۆچ مىلڭ يىرتىنچۆ ئىچىنتەكى . .
215. ساۋ ئاتلغ لوكاداتۆ . . يىرتىنچۆ
216. يىر سۆۋ ئىد - ەسىن . تاقى يمە
217. بىرلەكى . . تىرىنىزى قۆۋراغ - ىن بارچا-
218. نى . . ئول قاماغ ت(ە)ڭرد - لەرىگ . .
219. ئالقۆنى بارچا ئۆتۆنۆرم(ە)ن . .
220. ي(ا)رلىقانچۆچى كۆڭۆل ئۆرتىپ . .
221. ئۆستۆرتى قودى ئىنزۆز - لەر . .
222. ئىرىنچكە يۆ ي(ا)رلىقاپ . . يۆمقىن
223. كۆرۆپ ئالزۆز - لار . . ئادىنى - لار
224. ب(ە)لگۆرتمەكى ئۆزە ئەركسىنتەچى . .
225. ئاتلغ ئاز ئەرىگتە ب(ە)لگۆرتكە-

VIII. 7**a**. 509

226. لى سەۋىگ - لىگ ··· ئاداق ئاسراقى
227. ئورۆز - تا ··· تۆسىت ت(ە)ڭرى يىرىنتە . .
228. نەچە بار ئەرسەر ت(ە)ڭرد - لەر . . مايترى
229. بۆرخاز - لارتا ئۆلاتى . . كىن
330. كەلتەچى بۆرخاز - لار . . يام ت(ە)ڭرى
231. يىرىنتە . . ئورناغ تۆتمىش
232. ت(ە)ڭرد - لەر . . ئۆچ قىرق ت(ە)ڭرى يىر-
233. ىنتە . . ئەرىگ تۆتمىش ئەركلىگ - لەر . .
234. تۆرت ماخرانچ - لار ئورۆز - ىنتاقى( . . )
235. يىرتىنچۆ يىر سۆۋ كۆزەتدە چد-
236. لەر . . ئۆلاتى نەچە بار ئەرسەر . . ت(ە)ڭرد -
237. لەرىنڭ قۆۋراغ - ى . . يىر سۆۋ ئووت
238. يىئىل ت-(ە)ڭرى - سى . . سۆمىر تاغ - قا

239. تاياق - لىغ - لار. . يىتى ئالتۇن - لۇغ
240. تاغ ئىچىنتە. . ئورۇن ئورناغ تۇتمىش-
241. لار. . پۇرناباتىرى پانچاسكى. . كۇن
242. ئاي گرخ - لار يۇلتۇزلار. . مۇنچۇلايۇ
243. بۇ قاماغ ت-(ە) ڭرد - لەرنىڭ قۇۋراغ-
244. ى. . بۇ يىرتىنچۇگ كۆزەتىپ. . ئىنچ
245. مەڭىلىگ قىلزۇن - لار. . بۇلار
246. قاماغ ت(ە) ڭرد - لەر. . تۇزۇن ياۋاش
247. ۋاخشىك - لار تاپلامازلار قىلماق-
248. غ. . ئايىغ قىلىنچ ئىش - لەرىگ. . ت(ە) ڭرى

V III. **7b.** 510

249. بۇرخان - ىغ ئاياتاچى. . بۇ تد - ماتا
250. ئاتلغ ئۇماي ئىي - ەسى. . بىش يۇز
251. ئوغلانى ئاراسىنتا. . ئاڭ كىچىككد-
252. ە ئوغلى يمە. . ت(ە) ڭرد - لەرىگ.
253. لۇلارىغ. . يەكلەر قۇۋراغ - ىن
254. يمە بىرگە رۇ. . گانتارۋد - لار
255. قۇۋراغ - ىن. . ئاسۇرد - لارىغ يمە
256. ئانچۇلايۇ ئوق. كىنارى - لارىغ ئارق -
257. اسىن. . كىشد - لى كىشى ئەرمەزلى
258. قۇۋراغ - ىغ. . ئۇلۇغ ئۇزۇن ئەتئۆز-
259. لۇگ. . ماخۇراگد - لارتا ئۇلاتىغ. .
260. ئانىن ئامتى ئولارنى. . ت-(ە) ڭرى ت(ە) ڭرد-
261. سى بۇرخان كۇچ - ى ئۇزە. .
262. يۇمقى بارچانى ئايايۇ. . ئۆتۇنۇر-
263. م-(ە) ن ئوقىيۇ. . ي(ا) رلىقانچۇچى كۆڭۇل
264. كۇچى ئۇزە. . كۇشۇش - ۇم - چە ئىنز-
265. ۇن - لەر. . بىرگە رۇ ماڭا بىرزۇن-
266. لەر. . تىدىغ - سىز ئۇلۇغ تىلاڭۇرماق. .
267. قايۇ نەچە بار ئەرسەر. . ئادىن-
268. لار كۆڭۇل - ىن بىلتەچى ئاچۇق
269. ئادىرتلىغ كۆرتەچى. . قۇت قولۇر-
270. م(ە) ن ئولار قا. . كۇۋ كەلىگ ئەدرەم - لەر-
271. گ ئۇنتۇرزۇن. . بىرگەرۇ ماڭا
272. بىر زۇن - لەر. . تىدىغ - سىز ئۇلۇغ

V III. 8**a.** 511

273. تىلاڭۇرماق. . كۆك قالىغ ئىچىنتە
274. ئەرىگمە. . تولپ سانسازتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

275. تۇتۇلمش. . قايۇ نەچە بار ئەرسەر. .
276. تىرىگ تىنلغ ئوغۇش - ى. . ئولار بارچا بۇلز-
227. ۇن - لار. . تىلاڭۇرماق ئەدرەم - مگ. . ئۆتۈنمىش يالۋارمىش
278. ئۆتۈگۈمن. . ئۆڭى ئادىنسىغ قىلمازۇن-
279. لار تىپ :: مۇنچۇلايۇ ئۆتۈنمىش ك(ە)رگەك. .
280. ت(ە)ڭرى قىزى كوندىنى براماڭ - ىنىڭ
281. بۇ ئۆتۈگىن ئەشىدىپ ئىنچا تىپ
282. تىدى. . ئەدگۇ براماڭ - ا بىرۆك
283. كىم قايۇ تىنلغ - لار كىم، س(ە)ن سۆز-
284. لەمىش دارنىغ. . دارنى ئۇزەكى شلوك-
285. لارىغ ئاغىزلارىنتا تۇتۇپ. . نوم - چا
286. تۆرۆچە ئۇچ ئەردىنى - كە ئىنانىپ
287. سۇزۇك كىرتگۇنچ كۆڭۇل ئۆرىتىپ
288. كۆنى ئۆگىن كۆڭۇل - ىن بۇنوم ئەردىنىگ
289. ئوقىيۇ دارنىلارىغ سۆزلەيۇ نە
290. تۇرلۇگ قۇت قولۇنسارلار. .
291. بارچا كۆڭۇل ئىيىن قانغاي بۇتكەي. .
292. ئانتاغ كۇسۇش يوق كىم قاناماغۇلۇق
293. بۇتم - ە گۇلۇك. . ئۆڭى كىتەرسەر
294. كىرتگۇنچسۇز كۆڭۇل - ۇگ تىپتىدى. .
295. ئۆترۇ ئول ئۆدۇن ت(ە)ڭرى ت(ە)ڭرد - ىسى

V III. 8**b.** 512

296. بۇرخان ساراسۋاتى ت(ە)ڭرى قىزىڭا
297. ئىنچا تىپ ي(ا)رلىقادى. . ئەدگۇ ئەدگۇ
298. تۇزۇن ت(ە)ڭرى قىزد - ىي - ا. .
299. ئۆتۈندۇڭ س(ە)ن بۇ نوم ئەردىنىگ
300. كىڭۇرۇ يادغالى كۇيۇ كۆزەتۇ
301. تۇتغالى. . يانا يمە ئالقۇ
302. تىنلغ ئوغلان - ىن ئىنچ مەڭىلىگ
303. قىلغۇلۇق يمە تىلاڭۇرماق ئەدرەم-
304. لىگ نوم بۇشى بىرمەكىگ ئۇزە
305. ساقىنۇ سۆزلەيۇ يىتىنچسىز ئۇلۇغ
306. ئەدگۇ قىلىنچىغ قىلتىڭ قازغان-
307. تىڭ كىم - لەر يانا مۇنتاغ
308. كۆڭۇل ئۆرىتسەرلەر. . ت(ە)رك ئۆدۇن
309. قۇترۇلماق - لىغ ئەدگۇ تۇش - كە ئۇتلى-
310. قا تەگگەي - لەر تىپ ي(ا)رلىقادى ::

## ئىزاھلار

(1) تىرانسكرىپسىيە I گە بېرىلگەن ئىزاھ:

1. تەڭرى قىزى: تىرانسكرىپسىيە Ⅱ نىڭ 296 - قۇرىدا «ساراسۋاتى تەڭرى قىزى» دەپ تولۇق نامى بىلەن ئاتالغان ئايال ئىلاھنى كۆرسىتىدۇ. سانسكرىتچىدە sarasvati—devi دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىلاھە، ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىستاندىكى براھمان دىنى، ھىندى دىنىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلاھەسى بولۇپ، بۇددا دىنى بۇ ئىلاھەنى «ئالتۇن يارۇق» نى دەستۇر قىلغۇچىلارنى قوغدىغۇچى ئىلاھە ھېسابلايدۇ. بۇ ئىلاھەنىڭ سانسكرىتچە نامى خەنزۇچىگە 辩天 …… دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، 辩才天女، 大辩才天女 دەپ قىسقارتىپمۇ ئاتىلىدۇ.

1. كوندىنى برامان: سانسكرىتچە brāhmana kaundinya دىن كەلگەن، خەنزۇچە تېكىستتە 婆罗门 دېيىلگەن بولۇپ، سىڭقو سەلى ئۇنى بۇ يەردە ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتىغان. خەنزۇچە تېكىستنىڭ بېشىدا، بۇ براھماننىڭ ئاھاڭ تەرجىمە ئىسمى 憍陈如 دېگەن يېزىلغان. كوندىنى (<kaundinya) ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شاگىرتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. برامان (brāhmana) قەدىمكى ھىندىستاندىكى تۆت تەبىقە ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان راھىبلار، ئىلىم ئەھلىلىرى تەبىقىسىنىڭ فامىلىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. ئەدگۇ ئەدگۇ (ياخشى - ياخشى): خەنزۇچە تېكىستتە 善哉 دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە ئىككى تەكرارلانغان.

3. براماذ - ا (ئەي براھمان): برامان ئاتالغۇسى خەنزۇچە تېكىستتە 婆罗门 دەپ ئېلىنماي، بەلكى 大士 («ئۇلۇغ زات» دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلغان. ئۇ كوندىنى برامانى كۆرسەتكەچكە، ھەمدە خەنزۇچە جۈملىنىڭ ئورامىغا ئاساسەن، يېتۈك تەرجىمان سىڭقو سەلى ئۇنى «براماذ - ا» دەپ ئالغان.

4. تىنلىغلار (ئەسلىدە بارلىق جانلىقلارنى كۆرسىتەتتى، بۇ يەردە ئىنسانلارنىلا بىلدۈرۈپ كەلگەن): خەنزۇچە تېكىستتە 男子女人 (ئەر - ئاياللار) دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەرجىمان يىغىنچاق قىلىپ «تىنلىغلار» دەپلا تەرجىمە قىلغان.

4. دارنى: سانسكرىتچە dhārāni دىن كەلگەن، خەنزۇچە تېكىستتە سانسكرىتچىنىڭ مەنەن تەرجىمىسى بولغان 况 (ئەپسۇن) بويىچە ئېلىنغان. ئۇ تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە روھىي كۈچنىڭ سىرلىق تىلى بولۇپ، ئەسلىدە ئىلاھقا ئوقۇلغان دۇئا - تەلەپنى بىلدۈرگەن. قەدىمكى ھىندىستاندىكى براھمان دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ۋېدا (veda) دا ئەپسۇنچىلىق (جادۇگەرلىك، سېھىرگەرلىك) بولۇپ، ساكيامۇنى ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن. كېيىن ئۇ ھىندىستاندا ئومۇملاشقاچقا، بۇددا دىنىمۇ ئۇنى قوللانغان، ماھايانا بۇددىزمىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق نوملىرىدا دارنى بۆلۈملىرى بولغان.

5. ئۆگدى شلوك (مەدھىيە - ماختاش، ھەمدۇسانا): خەنزۇچە تېكىستتىكى 赞 (ماقتاش، مەدھىيلەش) يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلىنغان. ئۆگدى: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «مەدھىيە» دېگەن مەنىدە؛ شلوك: سانسكرىتچە sl oka' دىن كەلگەن، ھىندىستاننىڭ سۇترا - شاشترلارنى ھېسابلاش بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە 32 خەت ياكى بۇغۇم 1 شلوك دېيىلىدۇ. شلوك خەنزۇچىگە 颂 (مەدھىيلەش) دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا، «شلوك» ئاتالغۇسى جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ «مەدھە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





يە؛ شېئىر، بېيت» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

6. نوم: سوغدى تىلى nwm دىن كەلگەن ئاتالغۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ھۆججەتلىرىدە، «بۇددا» نومى، سۇترا، بۇددا دىنى قانۇنى، بۇددىزم ئەقىدىسى، مەنىلىرىدە كېلىدۇ. خەنزۇچە تېكىتتە 法 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە dharma نىڭ مەنەن تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

7. ئۈچ ئەردىنى (ئۈچ گۆھەر): خەنزۇچە تېكىستتە 三宝 (سانسكرىتچە tri—ratna نىڭ مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن. ئەردىنى سانسكرىتچە ratna دىن كەلگەن بولۇپ، «گۆھەر» دېگەن مەنىدە. ئۈچ ئەردىنى: بۇددا (بۇرخان)، بۇددىزم ئەقىدىسى ۋە راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ.

(2) تىرانسكرىپسىيە Ⅱ گە بېرىلگەن ئىزاھ:

1. 2. تۆزىنچە يارلىقاداچى چىنىنچا يارلىقاداچى (راست سۆزلىگۈچى، چىن سۆزلىگۈچى): خەنزۇچە تېكىستتە 实语 دېيىلگەن، تەرجىمان سۆز ئورامىنى كۆچەيتىپ تەرجىمە قىلغان.

5. كولتى: سانسكرىتچە koti دىن كەلگەن، بۇددا نوملىرىدا بىر مىليون، ئون مىليون، يۈز مىليون دەپ ئۈچ خىل كۆرسىتىلىدۇ. خەنزۇچە تېكىستتە، سانسكرىتچىنىڭ 俱胝 دېگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى يېزىلغان. خەنزۇچە مەنەن تەرجىمىسى 亿 دېيىلىدۇ.

5. كالپ: سانسكرىتچە kalpa دىن كەلگەن، ئىنتايىن چوڭ ۋاقىت چېكىنى كۆرسىتىدۇ.

6. تۇرقارۇ ئۇرۇگ ئۇزاتى (دائىم - ھەمىشە): تۇرقارۇ: «دائىم، ھەمىشە»، ئۇرۇگ: «دەم ئېلىش؛ تىنچ»، ئۇزاتى: «ئۇزاق ۋاقىت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇرۇگ ئۇزاتى: «دائىم، ھامان» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. سىڭقوسەلى خەنزۇچە تېكىستتىكى 常 سۆزىنى يۇقىرىقى ئۈچ سۆز بىلەن كۈچەيتىپ تەرجىمە قىلغان.

7. 8. كۆنى كىرتۇ (توغرا، راست): خەنزۇچە تېكىستتىكى 实 سۆزى يۇقىرىقى ئىككى سۆز بىلەن كۈچەيتىپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خىل ئەھۋال تېكىستتە يەنە ئۇچرايدۇ. بىز پەقەت مۇشۇ ئورۇندا ئىزاھ بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

12. كىرتۇ ساۋ (راست سۆز، سەمىمى گەپ): خەنزۇچە تېكىستتە 不妄语 دېيىلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش قائىدىسى بويىچە جانلىق تەرجىمە قىلىنغان.

15. قۇردىكى «ئانىن ئەمتى» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىپ، 23 - قۇردىكى «ئۆرتە يارلىقايۇرلار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشقان جۈملىلەر، خەنزۇچە تېكىستتىكى 出故面于广长舌退缩覆 نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنى سىڭقو سەلىنىڭ بۇددىزم ئىلمىدە بىلىمى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان كاتتا ئالىم ئىكەنلىكىگە بىرمىسال قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچە تېكىستتىكى 广长舌 (كەڭ، ئۇزۇن تىل)، بۇددالار ۋە قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدىكى «مۇقەددەس خان» چاكراۋارتىراجا (cakravartirāja) نىڭ «32 خىل بەلگە» سىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئۇ بۇددىزم ئەسەرلىرىدە «كەڭ، ئۇزۇن، يۇمشاق - سىلىق، يۇقا - نېپىز بولۇپ، بۇددانى چوققىسىدىكى چاچ تۇگۈنىنىمۇ ياپالايدۇ» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا سىڭقو سەلى 广长舌 نى 16 - 20 - قۇرلاردا «كەڭ - ئۇزۇن، يۇقا - نېپىز، يۇمشاق - سىلىق، كىرسىز - نۇقسانسىز پاكىزە - سۈزۈك، سۆسۈن رەڭلىك نىلۇفەر ياپرىقىدەك ئوڭغا بۇرالغان مۇقەددەس تىل» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدە، «چاكراۋارتىراجانىڭ قولىدا خاسىيەتلىك چاق بولۇپ، ئۇچاقنى ئايلاندۇرۇپ تۆت تەرەپنى بويسۇندۇرىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇددا دىنىدا، ساكيامۇنىنىڭ نوم تەپسىر قىلىشى چاكرا-

ۋارتى راجانىڭ مۇقەددەس چاقنى ئايلاندۇرغىنىغا تەمسىل قىلىنىدۇ. شۇڭا سىڭقو سەلى 出覆于面…… نى 20 - 26 - قۇرلاردا «مۇقەددەس تىل گۆھىرىنى ئېغىز قەسرىدىن چىقىرىپ، پۈتۈن چاق يۈزىنى تامامەن ياپتى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. چاكراۋارتىراجانىڭ سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىگە قىلىنغان مەنەن تەرجىمىسى 转轮王 ياكى 转轮对王 بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا «چاكرۋرت (چاكراۋارت) ئىلىگ خان ياكى چاكرۋارت ئىلىگ خان» دەپ ئاتالغان.

18. لىنخۇا (نىلۇفەر): خەنزۇچە 莲花 دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە بۇ سۆز يوق بولۇپ، تەرجىمدە قوشۇلغان.

21. ۋىمان: سانسكرىتچە **vimāna** دىن كەلگەن. **vimāna** پالى تىلىدىكى كىچىك ھەجىملىك نوملاردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان «**vimāna—vatthu**» (خەنزۇچىگە « 天宫事 » دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان) نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ يەردە «ئوردا، قەسىر» مەنىسىدە كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە بۇ سۆزنىڭ تەڭدىشى يوق بولۇپ، تەرجىمدە قوشۇلغان. ۋىمان: «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دا «يىمان» دەپ خاتا بېسىلغان بولۇپ، بىز ئۇنى توغرىلاپ «ۋىمان» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ مۇشۇ بۆلۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزدا، سىڭقو سەلىنىڭ بۇددىزم ئىلمى توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكى ۋە تەرجىمە ماھارىتى بىلەن ئاناتىل سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا يەنە نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈش، يەنى خەنزۇچە ئەسلى تېكست بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تېكستنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش مۇمكىن. بىراق، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل سېلىشتۇرۇشنى بۇنىڭغا قىزىققۇچىلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇق. پەقەت بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھ بېرىپ ئۆتتۇق.

26. چامبۇدۋىپ: سانسكرىتچە **Jambu—dvīpa** دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە سانسكرىتچە ئاھاڭ تەرجىمە بىلەن مەنەن تەرجىمە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 赡部洲 دەپ ئېلىنغان. **Jambu** بىر خىل دەرەخنىڭ نامى، **dvīpa** «زېمىن» مەنىسىدە بولۇپ، **Jambu—dvīpa** (چامبۇدۋىپ) نىڭ ئەسلى مەنىسى «جامبۇ دەرىخى ئۆسىدىغان زېمىن» . بۇددا دىنىدا، چامبۇدۋىپ سۇمېرۇ تېغى (بۇ تاغ ئەسلىدە ھىندى ئەپسانىسىدىكى بىر تاغ بولۇپ، بۇددىزم ئالەم قارىشى ئۇنى بىر كىچىك دۇنيانىڭ مەركىزىدىكى تاغ ھېسابلايدۇ) نىڭ ئەتراپىدىكى تۆت زېمىن ئىچىدىكى جەنۇبىي زېمىننى كۆرسىتىدۇ. چامبۇدۋىپ ئەسلىدە ھىندى زېمىنىنى كۆرسەتكەن، كېيىن ئىنسانلار دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

27. ئۈچ دۋىپ (ئۈچ زېمىن): دۋىپ سانسكرىتچە **dvīpa** (زېمىن) دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە 四天下 (تۆت زېمىن) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە سۇمېرۇ تېغىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى، يەنى شەرقى، غەربى، شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىمان خەنزۇچە تېكستتىكى 覆赡部洲及四天下 نى «چامبۇدۋىپ يىرتىنچۇگ ئۇلاتى ئۈچ دۋىپلارىغ. . . ئۆرتە يارلىقايۇرلار» (چامبۇدۋىپ زېمىنىنى ۋە ئۈچ زېمىنىنى··· ياپىدۇ) دەپ توغرا تەرجىمە قىلغان. چۈنكى، چامبۇدۋىپ سۇمېرۇ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىننى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ دۋىپ (ئۈچ زېمىن) بولسا، سۇمېرۇ تېغىنىڭ قالغان ئۈچ تەرىپىدىكى ئۈچ زېمىننى كۆرسىتىدۇ. چامبۇدۋىپ بىلەن ئۈچ دۋىپنى قوشقاندا 四天下 (تۆت زېمىن) بولىدۇ.

27 - 28. مىڭ يىرتىنچۇ ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يىرتىنچۇ (مىڭ ئالەم، ئۈچ مىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۇلۇغ مىڭ ئالەم) : مەزكۇر بۇددا دىنى ئاتالغۇسى خەنزۇچە تېكستتە 一千二千三千世界 (مىڭ، ئىككى مىڭ، ئۈچ مىڭ ئالەم) دەپ يېزىلغان بولۇپ، 二千 (ئىككى مىڭ) تەرجىمە قىلىنمىغان. بۇددا نوملىرىدا چۈشەندۈرۈلىشىچە، سۇمېرۇ تېغىنى مەركەز، تۆمۈر قورشاۋ تاغ (خەنزۇچىدە 金刚轩围山 ياكى 铁围山 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، سانسكرىتچىسى cakravāda parvata دەپ ئاتىلىدۇ) نى پاسىل ھېسابلىغاندا، ئوخشاش بىر كۈن ۋە ئاينىڭ نۇرى چۈشىدىغان تۆت زېمىن بىر «كىچىك ئالەم» ؛ مىڭ «كىچىك ئالەم» بولسا، بىر «كىچىك مىڭ ئالەم» ؛ مىڭ «كىچىك مىڭ ئالەم» بولسا، بىر «ئوتتۇرانچى مىڭ ئالەم» ؛ مىڭ «ئوتتۇرانچى مىڭ ئالەم» بولسا، بىر «ئۇلۇغ مىڭ ئالەم» دەپ قارىلىدۇ. «ئۇلۇغ مىڭ ئالەم» كىچىك، ئوتتۇرانچى ۋە چوڭدىن ئىبارەت بولغان ئۈچ تۈرلۈك «مىڭ ئالەم» نى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا خەنزۇچە تېكستتىكى 一千二千三千世界 ئۈچ تۈرلۈك «مىڭ ئالەم» نى كۆرسىتىدۇ.

36. نىزۋانى سوغدىچە **nizβ'n** دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن، سانسكرىتچىسى **klesa**، خەنزۇچە مەنەن تەرجىمىسى 烦恼 دېيىلىدۇ. مەزكۇر بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، جانلىقلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، قايمۇقۇش، دىلخەستىلىك پەيدا قىلىدىغان مەنىۋى تەسىرنىڭ ئومۇمىي نامى ھېسابلىنىدۇ.

47. لاكشان: سانسكرىتچە **laksana** دىن كەلگەن، خەنزۇچىگە 相 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. مەنىسى «بەلگە، خەيرلىك بەلگە، ئالامەت؛ قىياپەت، ھالەت» .

52. بۇرخان: بۇددانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، خەنزۇچىدىكى 佛 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان **bur** غا **han** قوشۇلۇشىدىن (**bur+han**) ياسالغان.

55. بودىستۋ (بودىساتۋا) : سانسكرىتچە **Bodhisattva** دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە سانسكرىتچىسىنىڭ دېگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىشلىتىلگەن. خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدا بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىگە 开士 (ئاچقۇچى) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، «توغرا يول (بۇددىزم تەرىقىتىنى كۆرسىتىدۇ) ئېچىپ، جانلىقلارنى يېتەكلەش» نى كۆرسىتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇچىدە يەنە 阐士 (شەرھىلىگۈچى) دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، «بارلىق ھەقىقەتنى (بۇددىزم ھەقىقىتىنى كۆرسىتىدۇ) ئېنىق شەرھىلەپ، يول ئېچىپ جانلىقلارنى بۇددالىق تۇيغۇسى ۋە پاراستىگە ئىگە قىلىش» نى كۆرسىتىدىكەن. خەنزۇچە بۇددا دىنى لۇغەتلىرىدە، **Bodhisattva** مەنەن تەرجىمىسى 觉有情,道心众生 دەپمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىسى «بۇددا دىنى ئەقىدىسى بىلەن ئەقىل تاپقان جانلىق» دېگەندىن ئىبارەت.

57. پراتيېكابۇت: سانسكرىتچە **pratyeka** ۋە خەنزۇچە 佛 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى «بۇت» دىن كەلگەن. بەزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرى بۇ ئاتالغۇنى سانسكرىتچە **pratyekabuddha** دىن كەلگەن دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ. خەنزۇچە تېكستتە 独觉 (سانسكرىتچىنى مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن. پراتيېكابۇت شىراۋاك (سانسكرىتچە **śravaka**) ۋە بودىساتۋالار، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان جانلىقلارنى يېتەكلەپ، ئۇلارنى قۇتۇلۇشقا (نىرۋانغا) ئېرىشتۈرۈشتىكى 3 خىل ئۇسۇل، يول ياكى دىنىي تەلىمات ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچى سانسكرىتچىدە **triyana** دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 三乘، قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە ئۈچ كۆلۈڭۈ (ئۈچ ھارۋا ياكى ئۈچ سال) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

58. ئارخانت: سانسكرىتچىدىن كەلگەن ئاتالغۇ، سانسكرىتچىدە **arhat** (پالى تىلىدا **arhant**) دېيىلىدۇ. ئارخانت ساكيامۇنىنىڭ ئون خىل نامىدىن بىرى بولۇپ، بارلىق نىزۋانىلارنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەقىل ۋە پەزىلەتتە تولۇق يېتىلىپ، ئىنسان ۋە

تەڭرىلەر ھۆرمەت بىلەن خىزمەت قىلىشىغا ئېرىشكەن ھۆرمەتكە سازاۋەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىنايانا بۇددىزمىدا، «بوشغۇتسىز»لىق مەرتىۋىسى (خەنزۇچە بۇددىزم ئەسەرلىرىدە، 无学果 دېيىلىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىدا، تەربىيىلىنىش دەرىجىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ قايتا تەربىيىلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)گە ئېرىشكەن ئەۋلىيانى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سىڭقۇسەلى خەنزۇچە تېكستتىكى 圣者 (ئەۋلىيا) ئاتالغۇسىنى «ئارخانت» دەپ تەرجىمە قىلغان.

60 - 65. تۆرت تۇرلۇگ قۇتقا قاتىغلانداچىلار (تۆت تۈرلۈك قۇتقا يېتىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگۈچىلەر)، تۆت تۇرلۇگ قۇتقا تەگمىش تۇزۇنلەر (تۆت تۈرلۈك قۇتقا يەتكەن ئەۋلىيالار): خەنزۇچە تېكستتە 四向四果 دېيىلگەن بولۇپ، ھىنايانا بۇددىزمىدا، شىراۋاكلارنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا ئۇچرايدىغان «شىراۋاك» ئاتالغۇسى سانسكرىتچە 'sravaka دىن كەلگەن، خەنزۇچىگە 声闻 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ، «بۇددانىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ، بۇددىزم "ھەقىقەتى" بىلەن ئەقىل تاپقۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەسلىدە ساكيامۇنىنىڭ ھايات چېغىدىكى مۇرىتلىرىنى كۆرسەتەتتى، كېيىن پراتيېكابۇت، بۇدساتۋالار بىلەن قوشۇلۇپ، «ئۈچ كۆلۈڭۈ (ھارۋا)»نى كۆرسىتىدىغان بولغان. ئۇ، بۇددانىڭ تەلىماتى بويىچىلا تەربىيىلىنىدىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشقا ئېرىشىشىنىلا مەقسەد قىلغان راھىبلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت نوم پۈتۈك»نىڭ «يۈكۈنچ» بۆلۈمىدىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، 四果四向 دىكى 果 ۋە 向 دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قۇت» «دەرىجە، مەرتىۋە» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، سىڭقو سەلى 四向四果 (پالى تىلىدا atta—puggalā dakkhineyyā دېيىلىدۇ)نى يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلغان.

### ئۇلارنىڭ سانسكرىتچە، خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

| قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى | خەنزۇچە ئاتىلىشى | سانسكرىتچە ئاتىلىشى |
|---|---|---|
| سورداپان قۇتقا قاتاغلانتاچى | 预流果 | **srotāpatti—pratipannaka** |
| سورداپان قۇتىن بۇلمىش تۇزۇن كىشى | 预流果 | **srotāpanna** |
| ساكارداگام قۇتقا قا تاغلانغۇچى | 一来向 | **sakrdāgāmi—praipannaka** |
| ساكارداگام قۇتىن بۇلمىش تىنلىغ | 一来果 | **sakrdāgāmi—phala** |
| ئاناگام قۇتقا قاتاغلانغۇچى | 不还向 | **anāgāmi—pratipannaka** |
| ئاناگام قۇتىن بۇلمىش تۇزۇن كىشى | 不还果 | **anāgāmi—phala** |
| ئارخانت قۇتىڭا قاتاغلانغۇچى | 罗汉向 | **arhat—pratipannaka** |
| ئارخانت ياكى ئارخانت قۇتىن بۇلمىش تىنلىغ * (ئەسكەرتىش: بۇ كاتەكچىدىكى نامئاپتورلار تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن) | 罗汉果 | **arhat** |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





يۇقىرىقى جەدۋەل ئىچىدە، ئالدىنقى 7 دەرىجىدىكى ئەۋلىيالار، ھىنايانا بۇددىزمىدا «بوشغۇتلۇغ» دەپ ئاتىلىدۇ. «بوشغۇتلۇق» سانسكرىتچىدە saiksa، خەنزۇچىدە 有学 دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، بۇددا مۇرتلىرى بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بىراق نىزۋانىلار-نى ئېخىچە تولۇق ئۇزۇۋېتەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا داۋاملىق تەربىيىلىنىپ، نىزاۋانىلاردىن پۈتۈنلەي ئادا - جۇدا بولۇشى لازىملىقىنى، يەنى پەرھىز تۇتۇپ، ئىستىقامەتتە كۆڭلى بۆلۈنمەيدىغان، گۇماني تۇيغۇدا بولمايدىغان روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

62. تاتىغ - لىغ (لەززەتلىك، تەملىك؛ تەسىرلىك):

بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستتە «مىخ باسما نۇسخا» دا) «تاتلىغ» دەپ يېزىلغان. بىز كونتېكستتىكە ئاساسەن، توغرىلاپ «تاتىغلىغ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

67. تۆرت تۇرلۇگ تۇزۇملەر (تۆت تۇرلۇك ئەۋلىيالار): خەنزۇچە تېكستتە 四圣 دېيىلگەن بولۇپ، «تۆت تۇرلۇك قۇتقا (四果 غا) يەتكەن ئەۋلىيالار» نى كۆرسىتىدۇ (يۇقىرىدا 60 - 65 - قۇرلاردىكى ئاتالغۇلارغا بېرىلگەن ئىزاھتىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

68. كىرتۇسى نومۇغ نوملارداچىلار (ھەقىقى نوم نوملىغۇچىلار - ھەقىقى بۇددا ئەقىدىسىدىن تەلىم بەرگۇچىلەر): خەنزۇچە تېكستتە 谛语 دەپ يېزىلغان. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدا 正语 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «سەككىز تۇرلۇك توغرا يول» نىڭ ئۇچىسى بولۇپ، «يالغان سۆزلىمەسلىك، ئىككى خىل گەپ قىلماسلىق، ئاغزى يامان بولماسلىق، ھاۋايى - ھەۋەس توغرىلىق سۆزلىمەسلىك» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «سەك-كىز تۇرلۇك توغرا يول»: قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «سەككىز تۇرلۇگ تۇزۇن يول»، خەنزۇ-چىدە 八正道، سانسكرىتچىدە āryāstāngikamārga دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر بۇددىزم ئاتالغۇسى نىرۋانغا (~ نىرۋاناغا) يېتىشنىڭ 8 خىل توغرا ئۇسۇلى ۋە يولىنى بىلدۈرىدۇ. بۇددىستىلارنىڭ نەزەرىدە مۇشۇ يول بىلەن يۈرسە، «بەندىلىكتىن ئەۋلىيالىققا» يەتكىلى، «ئېزىتقۇ قىرغىقىدىن ئويغىنىش قىرغىقىغا» ئۆتكىلى بولارمىش. شۇڭا ئۇ «سەككىز كېمە» ياكى «سەككىز سال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

70 - 71. كۆنى يورىغلىغلار. كۆنى كۆرۈملۈگلەر (توغرا قىلمىشلىقلار، توغرا قاراشتىكىلەر): «كۆنى يورىغلىقلار» خەنزۇچە تېكىستتە 正行 دېيىلگەن بولۇپ، سانسك-رىتچىدە samyak—pratipatti دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، بۇددا دىنى ئاساسىي مىزان قىلغان توغرا قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. «كۆنى كۆرۈملۈگلەر» خەنزۇچە تېكستتە 正见 دەپ يېزىلغان، سانسكرىتچىسى samyag—drsti دېيىلىدۇ. ئۇ، بۇددا دىنى ئېتىراپ قىلغان داۋلىلارنى كۆرسىتىدۇ.

74. ئەزرۇئا قۇۋراغى ئارزىلار (ئەزرۇئا جامائىتى ئەۋلىيالار):

خەنزۇچە تېكستتە 梵众诸仙 دېيىلگەن. ئەزرۇئا: سوغدى تىلى “Zarvān” دىن كەلگەن، ئەسلىدە مانى دىنىنىڭ ئەڭ ئالى ئىلاھى zarvān (زەرۋان) نى كۆرسەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مانى دىنى ئېتىقادىدىن بۇددا دىنى ئېتىقادىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بۇددا دىنىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ Brahmā (براھما) نى «ئەزرۇئا نامى بىلەن ئاتىغان. بىراھما تەڭرى (梵天) ئەسلىدە، ھىندى دىنىنى ياراتقۇچى ئىلاھ ئىدى. ئارزى: سانسكرىتچە rsi دىن كەلگەن بولۇپ، «ئەۋلىيا» دېگەن مەنىدە.

76 - 77. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇما قاتۇن: خەنزۇچە تېكستتە 大天乌摩 دېيىلگەن. «ئۇما» دېگەن ئىسىم «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دا «خوما» (ياكى «قۇما») دەپ يېزىلغان بولۇپ، سانسكرىتچىسى بىلەن خەنزۇچىسىگە ئاساسەن، توغرىلاپ «ئۇما» دەپ ترانسكرىپسىيە

قىلىندى. ئۇما: سانسكرىتچە **Umā** دىن كەلگەن. ئۇ، مەخپى بۇددىزمدا ماھىشۋارا تەڭرى (سانسكرىتچىدە **Mahe'svara**، خەنزۇچىدە 大自在天، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە ماخشىۋار ئۇلۇغ تەڭرى) نىڭ خاتۇنى بولغاچقا، خەنزۇچىدە 乌摩妃 (ئۇماخاتۇن) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئۇلۇغ تەڭرى» (大天) ئۇنىڭ ھۆرمەتلىنىپ ئاتىلىشىدۇر.

79 - 80. ساكاندى ئاتلىغ تەڭرى قىزى: خەنزۇچە تېكستتە 塞建陀天 دېيىلگەن. ساكاندى: سانسكرىتچە **skanda** دىن كەلگەن، ئۇ ئەسلىدە براھمان دىنىنىڭ تەڭرىسى ئىدى. مىلادىيە 5 - ئەسىردىن كېيىن، شىمالىي ھىندىستانغا تارقالغان، ماھايانا بۇددىزمى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ساڭرامالارنى (بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى) قوغدايدىغان ئىلاھ قىلغان. بىرىنچىدىن، خەنزۇچە تېكستتە ئۇ 塞建陀天女 دەپ ئاتالمىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، بۇددىزم ئەسەرلىرىدە ۋە لۇغەتلىرىدە ئۇ ئىلاھە دېيىلمىگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تېكستتىكى «قىزى» دېگەن سۆز ئوشۇقچە يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇڭا ترانسكرىپسىيىدە [ ] ئىچىگە ئېلىندى.

82 - 83. ماناسى ئاتلىغ لۇۇ قانى (ماناسى ئاتلىق ئەجدىھا خانى): خەنزۇچە تېكستتە 摩君子斯王 دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تولۇق ۋە توغرا تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى خەنزۇچە تولۇق يېزىلىشى 摩君子斯龙王 بولىدۇ. 摩君子斯 سانسكرىتچە **Manasvati** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، 8 چوڭ ئەجدىھاخاندىن بىرىنىڭ نامى. لۇۇ: خەنزۇچە 龙 (ئەجدىھا) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. مەزكۇر ئەجدىھاخانىنىڭ نامى. «مىخ مەتبەئە نۇسخا»دا «ماناسى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچە ئاتىلىشى ئاساسىدا ئاھاڭ تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر سىنقو سەلى سانسكرىتچىسىگە ئاساسلانغان بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى «ماناسۋاتى» دەپ يېزىلغان بولاتتى.

85. سوماۋى ئاتلىغ تەڭرى (سوماۋى ئاتلىق تەڭرى): خەنزۇچە تېكستتە 聪 明 夜 天 دېيىلگەن. خەنزۇچە مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، سوماۋى «ئەقىللىق تۈن (تەڭرىسى)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بىراق، بىرىنچىدىن، «سوماۋى» نىڭ سانسكرىتچىدىن كەلگەنلىكى (يۇقىرىقىدەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سانسكرىتچىدىن كەلگەنلىكى) گە ئاساسىمىز يوق؛ ئىككىنچىدىن، سانسكرىتچىدە **Ratri** دەپ ئاتىلىدۇ. 夜 天 (تۈن تەڭرىسى) شۇڭا، «سوماۋى» دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى تىبەت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە كىرگەن ئاتالغۇ بولۇشى ۋە يۇقىرىقىدەك مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. «سوماۋى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ۋېنشۇگۇدىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىسىدا «سومايى» دە يېزىلغان بولۇپ، «مىخ مەتبەئە نۇسخا»دا «سوماۋى» دەپ بېسىلىپ قالغان بولۇشى ۋە ياكى «ۋېنشۇگو نۇسخىسى» نى كۆچۈرگەن كاتىپ «سومايى» دېگەننى «سوماۋى» دەپ كۆچۈرۈپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن (چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلاردا «ي» ھەرپى بىلەن «ۋ» ھەرپى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، بەزى ئەسەرلەردە ئوخشاش دېگىدەكلا ياكى ئوخشاشلا يېزىلىدۇ). ئەگەر بىزنىڭ «سوماۋى» ئەسلىدە «سومايى» بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرىزىمىز ئورۇنلۇق دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا «سومايى»نى 聪 明 夜 نىڭ سەل بۇزۇلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ چۈشەندۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن.

87 - 89. ئەزرۇئا خورمۇزتا تۆرت مخارانچ تەڭرىلەر (ئەزرۇئا، ھورمۇزتا تۆت ماھاراجا تەڭرىلەر): خەنزۇچە 四 大 天 王 دېيىلگەن بولۇپ، ئەزرۇئا، خورمۇزتالارنىڭ نامى يېزىلمىغان. ئەزرۇئا: 74. ئىزاھقا قاراڭ. خورمۇزتا: سوغدىچە **xwrmwzδ** دىن كەلگەن. ئۇ مانى دىنىدا «تۇنجى ئىنسان» دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھى ئىندرا (帝 释, **Indra**) نى خورمۇزتا نامى بىلەن ئاتىغان.

TURPANOLOGICAL RESEARCH

www.turkitap.com



ئىندرا: بۇددا دىنىنى قوغدىغۇچى ئىلاھلاردىن بىرى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ سۇمېرۇ (سومېرۇ) تېغىنىڭ چوققىسىنىڭ ئۈستىدىكى TRāyastrimśa (忉利天) ئاسمىنىنىڭ مەركىزىدىكى ئوردىسى سۇدارشانا (善见天, Sudar'sana) دا تۆت ماھاراجا تەڭرىلەر قاتارلىق جامائەتكە باشچىلىق قىلىدىكەن. تۆرت مخارانچ تەڭرىلەر: خەنزۇچە 四大天王 نىڭ تەرجىمىسى. بۇ ئاتالغۇدىكى مخارانچ: سانسكرىتچە Maharaja دىن كەلگەن بولۇپ، «ئۇلۇغ ئىلىگ، چوڭ خان» دېگەن مەنىدە. مخارانچ (~ ماخارانچ): قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئەسەرلىرىدە «ماخاراچ، مىخاراچ» شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇمېرۇ تېغىنىڭ بېلىدە گاندارا ناملىق يەنە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت چوققىسى بار ئىكەن. تۆت ماھاراجا تەڭرىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوردىسى بىر چوققىدا بولۇپ، ئۇلار شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەردىكى تۆت ئالەمنى قوغدايدىكەن.

50 - 91. سۇپراتىستىتا ئاتلىغ تەڭرى: خەنزۇچە تېكىستتە 善住天子 دېيىلگەن. سۇپراتىستىتا: سانسكرىتچە supratisthita دىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچە مەنەن تەرجىمىسى "安住, 安定, 善住" دەپ كۆرسىتىلگەن. 天子: بۇ يەردە «تەڭرى؛ پەرىشتە» مەنىسىدە كەلگەن.

93. ۋچراپانى (~ ۋاچراپانى) تەڭرى: خەنزۇچە تېكىستتە 金刚密主 دېيىلگەن. ۋچراپانى: سانسكرىتچە vajra—pāni دىن كەلگەن بولۇپ، ئادەتتە 金刚手菩萨 (ئالماس قوللۇق بودىساتۋا) دېيىلىدۇ. خەنزۇچە يەنە 菩萨秘密主菩萨,执金刚 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە تېكىستتىكى 密主 نى 秘密主 نىڭ قىسقارتىلمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بۇددا دىنىدىكى «سەككىز بۆلەك جامائەت» (八部众) نىڭ ئۈچىنچى تۈرى ھېسابلىنىدىغان «سەككىز چوڭ ياكسا (ياكى يەك)» نىڭ ئۈچىنچە-سى pañcika (پانچىكا) مۇ خەنزۇچە 密主 دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا، بۇ يەكنىڭ (ئالۋاستى-نىڭ) نامى «يانچىكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

95 - 96. ۋىسنۇ تەڭرى: خەنزۇچە تېكىستتە 吠率怒天 دېيىلگەن. ۋىسنۇ: سانسك-رىتچە visnu دىن كەلگەن. ئۇ ئەسلىدە، قەدىمكى ھىندىستاندىكى براھمان دىنى بىلەن ھىندى دىنىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىلاھىنىڭ بىرى ۋە تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - 1000 - يىللار ئارىلىقىدا كىتاب قىلىنغان يۇقىرىقى ئىككى دىنىنىڭ دەستۇرى — ۋېدا (吠陀, veda) ئەپسانىلىرى دەۋرىدە قۇياش ئىلاھلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈچ قەدەم تاشلاپلا زېمىندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ تەسۋىرلەنگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - 500 - يىللار ئارىلىقىدا كىتاب قىلىنغان «براھمانا» (梵书, Brahmana) دەۋرىدە، ۋىسنۇغا ئېتىقاد قىلىش باشلانغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 700 - 500 - يىللاردا پۈتكەن «ئۇ پانساد» (奥义书, Upanisad) دېگەن كىتابتىكى نارايانا (Nārāyana)، ۋاسۇدېۋا (vasudeva)، ناراسىمھا (Narasimha) قاتارلىقلار ۋىسنۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىنى كۆرسەت-كەن. تارىخىي داستانلار دەۋرلىرىدە، يەنى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10 - 1 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا پۈتكەن «پۇرانا» (往世书, Purāna)، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - 3 - ئەسىرلەردە پۈتكەن «رامايانا» (罗摩衍那) ۋە مىلادىيە 4 - ئەسىردە پۈتكەن «ماھابھارا-تا» (摩词婆罗多) قاتارلىق ئەسەرلەردە، ۋىسنۇ ئورنى تەڭرى براھمادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلاھ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كېيىن ۋىسنۇ دىنى (ياكى ۋائىسناۋا - Vaisnava دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى قىلىنغان. بۇ ئىلاھنىڭ نامى «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق بۇددا نوملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

98. ۋىمالى ئاتلىغ تەڭرى قىزى: خەنزۇچە تېكستتە 天毗摩女 دېيىلگەن. ۋىمالى: سانسكرىتچە **vimalā** دىن كەلگەن، تەڭرى قىزنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتىكى 毗摩 بولسا، **Vimalā** ئاھاڭ تەرجىمىسى 毗摩罗 نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇشى كېرەك. ۋىمالى تەڭرى قىزى بەزى بۇددىزىم لۇغەتلىرىدە ماھېشۋارا تەڭرىنىڭ خاتۇنى دەپمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

100 - 101. شىسىدىۋى ئاتلىغ تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 数侍神天 دېيىلگەن. شىسىدىۋى: سانسكرىتچە **sisya—deva** دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەزى ماتېرىياللاردا، **sisya** خەنزۇچىگە 弟子 (شاگىرت) دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە 弟子 نى سانسكرىتچىدە **antevāsin** دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، **antevāsin** خەنزۇچىگە 侍者 (كۈتكۈچى، خەۋەر ئالغۇچى) دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان. دېمەك، خەنزۇچە تېكستتىكى 侍数 سانسكرىتچە **sisya** نىڭ مەنەن ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ قوشۇلغان شەكلى بولسا كېرەك. «شىسىدىۋى» دېگەن نام تەركىبىدىكى «شىسى» سانسكرىتچە **sisya** دىن، «دىۋى» بولسا سانسكرىتچە **deva** (تەڭرى) دىن كەلگەن دەپ قارىساق، «شىسىدىۋى ئاتلىغ تەڭرى» (侍数天神) نى بۇرخانلارنى كۈتكۈچى تەڭرى دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

103. سىرىدىۋى ئاتلىغ تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 室口利 سانسكرىتچە **sri** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، 天 سانسكرىتچە **devī (dava)** نىڭ مەنەن تەرجىمىسى. خەنزۇچە تېكستتىكى 女 سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىغان ياكى كاتىپ تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ قويۇلغان بولسا كېرەك (شۇڭا، بىز ترانسكرىپسىيىدە «قىزى» دېگەن سۆزنى قوشتۇق). **sri** : «خەيرلىك» (吉祥) دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ تەڭرى خەنزۇچىدە 吉祥天女 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەڭرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا «شىكرىكىنى ئاتلىغ تەڭرى قاتۇنى (ياكى قىزى)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2001 - يىل 1 - سان، 29- بەتكە قاراڭ).

105. شىرىمادى ئاتلىغ تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 室口利末多 دېيىلگەن. شىرىمادى: سانسكرىتچە **'sri—mātā** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنى خەنزۇچىگە 吉祥母 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. شىرىمادى بۇ يەردە بىر تەڭرى نامىنى كۆرسىتىدۇ.

108. شىرىدىۋى ئاتلىغ تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 言哩醯词 دېيىلگەن. شىرىدىۋى: 103. ئىزاھتا چۈشەندۈرۈلدى. خەنزۇچە تېكستتىكى 哩醯 سانسكرىتچە **Harīti** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى («بۇددىزمشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى» دە شۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن) بولۇپ، 功德天,天母,爱子母,鬼子母神 دەپ مەنەن تەرجىمىمۇ قىلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھارىتى (**Harīti**) يامانلىق ئىلاھىنىڭ خوتۇنى بولۇپ، 500 ئوغۇل تۇغىدىكەن. ئۇ ئىلگىرىكى ھاياتىدا، راجاگرىھا شەھىرىدىكى بارلىق ئوغۇل بالىلارنى يەپ تۈگەتمەكچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ گۆدەك بالىلىرىنى يېيىشكە باشلايدىكەن. ساكيامۇنى ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر ئوغلىنى يوشۇرۇپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالىسىنى تاپالماي قاتتىق نالە - پەرياد چېكىدىكەن. شۇ چاغدا ساكيامۇنى ئۇنىڭغا: «سېنىڭ 500 بالاڭ بار تۇرۇغلۇق، بۈگۈن بىر بالاڭنى تاپالماي شۇنچە ھەسرەت چېكىۋاتىسەن. سەن بالىلىرىنى يەۋەتكەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، نەقەدەر ھەسرەت - نادامەت چېكىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟» دەيدىكەن. ھارىتى ساكيامۇنىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىكەن ۋە ئانىلارنى بىخەتەر بوشاندۇرۇپ، بالىلىرىنى قوغدايدىغان ئىلاھقا ئايلىنىدىكەن.

سىڭقو سەلىنىڭ سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇ 哩醯 نى چوقۇم توغرا تەرجىمە قىلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستتە «شىرىدىۋى» دەپ يېزىلغىنى «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرگەن كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى كېرەك.

خەنزۇچە تېكستتىكى 言词 دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان.

110. ئۆگ تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 诸母大母 (ئانىلار ـ ئۇلۇغ ئانىلار) دېيىلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «ئۆگ (ئانا) تەڭرى» دەپ ئۇلۇغلانغان.

112. خارىتى ئاناسى: خەنزۇچە تېكستتە 诃哩底母 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە Hārītī (خەنزۇچىگە 手鬼子母神, 天母, 爱子母 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. خارىتى: قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستتە «خارىنى» دەپ يېزىلغان. روشەنكى، بۇ «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرگۈچى كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى. بىز «خارىنى»نى تۈزىتىپ «خارىتى» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. «خارىتى» توغرۇلۇق 108. ئىزاھقا قاراڭ. ئاناسى (ئانىسى): «ئالتۇن يارۇق»تا، «ئانا، ئاپا» مەنىسىنى بېرىدىغان «ئۆگ» (110. ئىزاھقا قاراڭ)، «ئانا» سۆزلىرىنىڭ ئىككىلىسى قوللىنىلغان.

114 ـ 115. ئالقۇ تۈزۈن ياۋاش يەكلەر: خەنزۇچە تېكستتە 诸药叉神 دېيىلگەن. 药叉 سانسكرىتچە Yaksa نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «ئېزىتقۇ ئالۋاستى»، «چاققان ئالۋاستى»، دېگەن مەنەن تەرجىمىسىدىن باشقا، يەنە «چەبدەس، باتۇر؛ ئىسىلزادە» قاتارلىق مەنىلىرىمۇ بار. يەك (ئالۋاستى، جىن): ئوتتۇرا قەدىمكى پارسچە yakkha دىن (yakkha سانسكرىتچە Yaksa دىن) كەلگەن. «يەكلەر» بۇددا دىنىدىكى «8 بۆلەك جامائەت»نىڭ بىر بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇددا نوملىرىدا دائىم «توغرا ئەقىدە»نى قوغدايدىغان يەكلەر (Yaksa) بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى يەكلەر مۇشۇ خىل يەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. 神 (ئىلاھ، تەڭرى) سۆزىنى سىڭقوسەلى «تۈزۈن ياۋاش» (ئېسىل، مۇلايىم) دەپ چۈشەندۈرگەن. چۈنكى، ئۇلارنى تەڭرىلەردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك ـ تە.

117. ئوندىن سىڭارقى ئورۇن (ئون تەرەپ): خەنزۇچە تېكستتە 十方 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچىدە dasa disah دەپ ئاتىلىدۇ. ئون تەرەپ، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال، شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇب، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، يۇقىرى، تۆۋەن تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنى ئون تەرەپتە سانسىزلىغان ئالەملەر ۋە «كىرسىز ـ پاك ئورۇن»لار بار دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، «ئون تەرەپتىكى بۇددالار»، «ئون تەرەپتىكى جانلىقلار» دېيىلىدۇ.

129. ئامرانماق؛ خەنزۇچە تېكستتە 欲 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە chanda ياكى Rajas نىڭ مەنەن تەرجىمىسى «ئامرانماق» نىڭ ئەسلى مەنىسى «سۆيمەك، ياخشى كۆرمەك» بولۇپ، بۇددىزم ئاتالغۇسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن «ئارزۇ ـ ئارمان، ئارزۇ ـ ئىستەك» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە جانلىقلارنىڭ قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ مەنىۋى رولىنى ئۈمىد قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ.

130 ـ 131. ئۆرتۈگ ئەگرىك: خەنزۇچە تېكستتە 缠盖 دېيىلگەن. 缠 : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچىسى paryavasthāna دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ «نىزۋانى» (36. ئىزاھقا قاراڭ) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، كۆڭۈلنىڭ نىزۋانىغا بەنت بولۇپ، تەربىيىلىنىشكە توسالغۇ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەگرىك (ئەشمەك، ئېشىش؛ ئىگىرىش): خەنزۇچە 缠 نىڭ تەرجىمىسى، بۇ يەردە كۆڭۈلنىڭ نىزۋانىغا باغلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ئورنىدا كەلگەن. 盖 : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچىسى Āvarana دېيىلىدۇ. Āvarana خەنزۇچىدە 障 ياكى 碍 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇمۇ «نىزۋانى»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، جانلىقلارنىڭ نىزۋاناغا ئېرىشىشىگە، بۇددا ئەقىدىسى ئارقىلىق



TURPANOLOGICAL RESEARCH

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىل تېپىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان روھىي ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

132. كۆڭۈلى ئارىغ سۈزۈكلەر (كۆڭلى پاك - سۈزۈكلەر) : خەنزۇچە تېكستتە 清净心 دېيىلگەن. بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچىدە 清净 suddha, visuddha, parisuddha دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يامان قىلمىش كەلتۈرۈپ چىقارغان گۇناھ نىرۋانىسىدىن يىراق تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بەدەن، تىل، كۆڭۈل پاكلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل پاكلىقنى كۆرسىتىدۇ.

133. يارۇق ياشۇق (نۇر - يورۇق) : خەنزۇچە تېكستتە 光明 دېيىلگەن 光 (يارۇق: سانسكرىتچىدە ātapa ، 明 (ياشۇق) : سانسكرىتچىدە āloka دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ بۇددا، بۇددىساتۋالاردىن چېچىلغان نۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

134. كىرتۇ ساۋلىغلار (چىن سۆزلۈكلەر) : خەنزۇچە تېكستتە 真实语 دېيىلگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي چىن - راست سۆزلەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ساكيامۇنىنىڭ سۆزلىرى راست - چىن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چىن: خەنزۇچە 真 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

135. يىدىن يۇقىن تارقارمىشلار (ھىدىنى، يۇقىنى قالدۇرمىغانلار) : خەنزۇچە تېكستتە 无尘习 دېيىلگەن. 尘 : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچىدە artha, visya دېيىلىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىغا يات ئىللەتلەرنى يۇقىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا 尘 قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە «يوق» (يۇقىندا) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 习 : سانسكرىتچىدە vāsana دېيىلىدۇ. خەنزۇچىدە يەنە 恼习烦 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ، كۆچە تۈگسە، كۆجە سېلىنغان خالتىدا ھىدى قالغانلىقىغا تەمسىل قىلىنغان ھالدا، «نىزۋانى» يوقىتىلسىمۇ ئۇنىڭ ھىدىنىڭ ياكى «نىزۋانى» ئادىتىنىڭ قېپقالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، 无尘习 قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە «يىد» (ھىد) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قىسقىسى، 无尘习 (يىدىن يۇقىن تارقارمىشلار) بۇددا دىنىغا زىت ئىللەتلەرنىڭ ياكى «نىزۋانى» نىڭ ھىدى - يۇقىنىمۇ قالدۇرماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، تەرجىمىدە «تارقار -» (چەكلىمەك، كونترول قىلماق) پېئىلىنى «قالدۇرماسلىق» دەپ ئالدۇق.

136. يىگ يۆرۈگتە تۇرمىشلار (توغرا قائىدىدە تۇرغانلار) : خەنزۇچە تېكستتە 住胜义 دېيىلگەن. 胜义 (يىگ يۇرۇگ) : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچىدە paramārtha دېيىلىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى دىنىدىن تاشقىرى قائىدىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەڭ ياخشى، ھەقىقى داۋلىلارنى (بۇددىزم داۋلىلىرىنى) كۆرسىتىدۇ. «يىگ يۆرۈگ» نى ئەسلى مەنىسى «ياخشى مەنە» بولۇپ، بۇ يەردە «توغرا قائىدە، توغرا مەنىدە» نى كۆرسىتىپ كەلگەن. شۇڭا تەرجىمىدە «توغرا قائىدە» دەپ ئېلىنىدى. «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دا «يۆرۈگ» دېگەن سۆز «يۇرەك» دەپ خاتا بېسىلغان. تىرانسكرىپسىيىدە «يۆرۈگ» دەپ توغرىلىدۇق.

137. ئۇلۇغ تىنلغ (ئۇلۇغ جانلىق) : خەنزۇچە تېكستتە 大众生 دېيىلگەن (يەنە 大有情 دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، سانسكرىتچىدە mahāsattva دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ: (1) ئۇلۇغ نىيەتلىك، ئۇلۇغ قىلمىشلىق، جانلىقلارنى سانساردىن قۇتقۇزۇشى زور بولغان ۋە دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان، ئۇلۇغ نىيىتىدىن يانمايدىغان جانلىقنى كۆرسىتىدۇ. (2) بۇددانىڭ بۇدىساتۋالىقتا تەربىيىلىنىۋاتقان ۋاقتىدىكى نامىنى كۆرسىتىدۇ ياكى قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماھاراتا (Mahāratha) خانىنىڭ كەنجى ئوغلى-شاھزادە ماھاساتۋا (قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا «ماھاساتۋى تىگىن» دېيىلگەن) نى كۆرسىتىدۇ.

138 - 139. ساراسۋاتى تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 辩才天 دېيىلگەن بولۇپ، تىرانسكرىپسىيە I گە بېرىلگەن ئىزاھتىكى «1. تەڭرى قىزى» گە قاراڭ.



TURPANOLOGICAL RESEARCH

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



139 - 140. تىدىغسىز تىلاڭۇ قىلتاچى (تۇتۇلماي ناتىقلىق قىلغۇچى): خەنزۇچە تېكستتە 词无碍 دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ «تۆت خىل توسالغۇسىز چۈشىنىش ئىقتىدارى» (بۇددا دىنىدا، ئەركىن - ئازادە بولغان ۋە توسىلىپ قالمايدىغان چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. تىدىغسىز تىلاڭۇ قىلتاچى: تىدىغسىز - «توسالغۇسىز، توسالمايدىغان» دېگەن مەنىدە، تىلاڭۇ - تىل (تىل، گەپ، سۆز) دىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ «ناتىقلىق، سۆز مەنىلىك؛ ناتىق، سۆزمەن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەزكۇر ئاتالغۇ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ۋە شەيئىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ۋە سۆز بىلەن ئىپادىلەش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

144. ئىنچ ئەسەن (تىنچ - ئامان، ئامان - ئېسەن): خەنزۇچە تېكستتە 安隐 دېيىلگەن، يەنە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تىنچ - ئامانلىقنى، ھېچقانداق چاتاق يوقلۇقىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە ھەر قانداق «نىرۋانى» قايمۇقتۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتسە، تېنى سالامەت، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا نىرۋاناغا يەتكەندەك تىنچلانسا، «بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق» (五浊,**pañca kasāyhā**) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

147 - 148. بىلگە بىلىگ دارنى (ئەقىل پاراسەت - دارنى، مۇقەددەس دارنى): خەنزۇچە تېكستتە 明咒 دېيىلگەن بولۇپ، «دارنى» (ترانسكرىپسىيە I گە بېرىلگەن ئىزاھ «1. دارنى» غا قاراڭ) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. 明 : سانسكرىتچىدە **vidyā** دەپ ئاتىلىدۇ ۋە نادانلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بۇددىزم ھەقىقىتىنى چۈشىنىدىغان مۇقەددەس ئەقىل - پاراسەتنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە «بىلگە بىلىگ» (ئەقىل - پاراسەت) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 咒 : دارنى (**dhārāni**) نىڭ مەنىن تەرجىمە-سى ھېسابلىنىدۇ. «دارنى» سۆزىنىڭ كېيىندىكى «ئەدرەم» (پەزىلەت، قابىلىيەت) نى تەرجىمان قوشقان.

148. بىشرۇن- (تەربىيىلىنىپ يېتىلمەك - بۇددا دىنى ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلىنىپ يېتىلمەك): خەنزۇچە تېكستتە 勤修 (تىرىشىپ تەربىيىلەنمەك) دېيىلگەن بولۇپ، بۆت ھۇزۇرىدا ئىبادەت قىلىش ۋە بۇددا نومىنى ئوقۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. 勤 : سانسكرىتچىدە **vīrya** دېيىلىدۇ ۋە ياخشى تەربىيىلىنىپ، يامانلىقلارنى تۈگىتىپ ياخشى ئىش قىلىدىغان قەتئىي نىيەتنى كۆرسىتىدۇ. 修 : 修行 نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، «مەشق قىلىش، تەربىيىلىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن مەنىدە. ئۇ، بۇددا دىنى قائىدىسى تەلىپىگە ئاساسەن، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ۋە مەنىۋى جەھەت-تىن تەربىيىلىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

149. بودى: خەنزۇچە تېكستتە 菩提 دېيىلگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى سانسكرىتچە **bodhi** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «ئەقىل تاپماق؛ ئەقىل» دېگەن مەنىدە، بۇددا دىنى «ھەقىقەتنى» گە بولغان ئاڭ - تونۇشنى كۆرسىتىدۇ. **bodhi** خەنزۇچىگە 道 دەپ تەرجىمىمۇ قىلىنغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ نىرۋاناغا ئېلىپ بارىدىغان يولى دەپ چۈشەندۈرۈ-لىدۇ.

149. كىڭۇرۇ (كېڭەيتىپ): خەنزۇچە تېكستتە 广 دېيىلگەن. بۇ ئاتالغۇ ماھايانا نوملىرىنى (مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق) كەڭ تارقىتىشنى، ماھايانا ئەقىدىسىنى كېڭەيتىپ ئەۋج ئالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تەرجىمىدە "(«ئالتۇن يارۇق») نى ئەڭ كەڭ تارقىتىپ" دەپ ئالدۇق.

150. ئاسىغ قىل- (پايدا يەتكۈزمەك): خەنزۇچە تېكستتە 饶益 دېيىلگەن بولۇپ،

(1) كىشىلەرگە بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ پايدىسىنى يەتكۈزۈشنى، (2) كىشىلەرنىڭ مەنپەئە-تىنى قانائەتلەندۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

153 ـ 154. كۆنى كىرتۈچىن ساۋ (توغرا، راست ـ چىن سۆز) : خەنزۇچە تېكستتە 真实语 دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى ئىزاھتىكى «134. كىرتۈساۋلىغلار» غا قاراڭ.

155. ئەزۈكسۈز ئارماقسىز كىرتۈ سۆز (يالغان ـ ساختا ئەمەس راست سۆز) : خەنزۇچە تېكستتە 无诳语 دېيىلگەن. 诳 : سانسكرىتچە Sāthya’ دېيىلىدۇ. ئۇ «ئالدامچىلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان مەنىۋى تەسىرنى كۆرسىتىدۇ.

157. تەڭرى قىزى: خەنزۇچە تېكستتە 天女 دېيىلگەن بولۇپ، ساراسۋاتى تەڭرى قىزىنى كۆرسىتىدۇ (تىرانسكرىپسىيە I گە بېرىلگەن ئىزاھتىكى «1. تەڭرى قىزى» غا قاراڭ.

161. ساۋى تىدىغسىز (سۆزى توختاپ قالمايدىغان، سۆزى راۋان) خەنزۇچە تېكستتە 无滞语 دېيىلگەن. ساۋى (سۆزى) : «مىخ مەتبەئە نۇسخا» دا «ساۋنىگرى» دەپ بېسىلىپ قالغان. بىز خەنزۇچە تېكستتىكە ئاساسەن، «ساۋى» قىلىپ تۈزىتىپ تىرانسكرىپسىيە قىلدۇق.

164. تىتىك يارۇق (تىتىك، يورۇق) : خەنزۇچە تېكستتە 聪明 دېيىلگەن. تىتىك: «زېرەك» دېگەن مەنىدە، يارۇق: كۆڭۈلنىڭ يورۇق، پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

166. تىل (تىل) : خەنزۇچە تېكستە 舌根 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچىدە **jihvendriya** دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بۇددالار ۋە قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدىكى چاكراۋارتى راجا (چاكراۋارت ئىلىگ خان) نىڭ «32 خىل بەلگە» سىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ (15. ئىزاھقا قاراڭ).

172. ياۋالتۇر ـ (تىنجىتماق؛ بويسۇندۇرماق؛ تىزگىنلىمەك) : خەنزۇچە تېكستتە 调伏 دېيىلگەن بولۇپ، (1) ئىچكى جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇشنى، بەدەن، تىل، كۆڭۈل پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەشنى، بارلىق يامان قىلمىشلارنى تىنجىتىشنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) سىرتقا قارىتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى، ۋەھشى ئالۋاستى قاتارلىقلارنى بويسۇندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

178. يوقسۇز قۇرۇغ بولمازۇن (يوق ـ قۇرۇق بولمىسۇن) : خەنزۇچە تېكستتە 不唐捐 دېيىلگەن بولۇپ، قىلغان ئىش ياكى خىزمەتنىڭ يوققا چىقماسلىقىنى ياكى بىكارغا كەتمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 唐 نىڭ مەنىسى «يوق» ، 捐 نىڭ بولسا «قۇرۇق» .

183 ـ 185. ئالقۇ بارچا بۇزۇلۇپ ئەزۈك بولغاي سىزىكسىز (ھەممىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، يالغان بولغاي شۈبھىسىز) : خەنزۇچە تېكستتە 皆悉成虚妄 دېيىلگەن بولۇپ، 皆悉 : ئالغۇ بارچا (ھەممە ـ بارچە، پۈتۈنلەي) ، 成: بولغاي، 虚妄 : ئەزۈك (يالغان) دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە خەنزۇچە جۈملە ئورامىغا ئاساسەن، «بۇزۇلۇپ» ، «سىزىكسىز» (شۈبھىسىز، گۇمانسىز) دېگەن سۆزلەر قوشۇلۇپ، تەرجىمە ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە جانلىق چىققان.

186. ئانانتاراش ئايىغ قىلىنچ (ئانانتاراش يامان قىلمىش ‹گۇناھ›) : خەنزۇچە تېكستتە 无间罪 دېيىلگەن. ئانانتاراش سانسكرىتچە **ānantarya** دىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچىگە (سانسكرىتچە تولۇق ئاتىلىشى: **ānantarya—karma** ) 无间业 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «ئانانتاراش» نى «بەش ئانانتاراش» (**pancānantarya** ، خەنزۇچە مەنەن تەرجىمە-سى 五逆 دېيىلىدۇ) نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئېغىر بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



5 خىل گۇناھنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا، بۇ بەش خىل گۇناھنى سادىر قىلغانلار توختاۋسىز قىينىلىدىغان دوزاخ (سەككىز چوڭ دوزاخنىڭ سەككىزىنچىسى) غا چۈشىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھىناياناً بۇددىزىم (1) ئانىسىنى ئۆلتۈرۈش، (2) ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش، (3) ئارخاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، (4) راھىبلار گورۇھىغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئۇلارنى پارچىلاش، (5) يامان نىيەت بىلەن بۇددانى تېنىنى زەخمىلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بولسا، (1) بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇش، بۇددا نوملىرىنى ۋە بۇددانىڭ ھەيكەل - رەسىملىرىنى كۆيدۈرۈش؛ (2) شراۋاك، پراتيېكا بۇتلارغا ۋە ماھايانا بۇددىزمىغا قارا چاپلاش؛ (3) راھىب، راھىبەلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش، باغلاش، ئۇلارنى راھىب ياكى راھىبەلىكتىن ۋە ياكى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش؛ (4) ھىناياناً بۇددىزمى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلىغان گۇناھلاردىن بىرىنى سادىر قىلىش؛ (5) سەۋەب - نەتىجە تەلىماتىغا ھاقارەت قىلىش، دائىم 10 خىل يامانلىق بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆزى يامان ئىش قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىپ يامان ئىش قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلايدۇ.

خەنزۇچە تېكىستتىكى 五间地狱 ئەمەلىيەتتە 无间 دېگەن ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، سانسكرىتچىدە Avīci دەپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «ئاۋىش تامۇ» (ئاۋىش دوزاخ) دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاۋىش» توخرى تىلىدىكى avis (Avīci دىن كەلگەن) دېگەن ئاتالغۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، «ئاۋىش دوزاخ» چامبۇدۋىپ زېمىنى ئاستىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئورۇندا بولۇپ، بۇ دوزاخقا مەھكۇم بولىدىغان گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق جانلىق ئۆلگەندىن كېيىن، (1) توختىماستىن بىۋاستە مەزكۇر دوزاخقا چۈشىدىكەن، (2) توختىماي جازاغا (قىيناققا) تارتىلىدىكەن، (3) چەكسىز زامانلارغىچە قىيناق توختىمايدىكەن، (4) چەكسىز زامانلارغىچە قىيناقتا مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىدىكەن، (5) جىسمى مەزكۇر دوزاخقا لىق كېلىدىكەن، ئازراقمۇ بوش ئورۇن قالدۇرۇلمايدىكەن.

دېمەك، خەنزۇچە تېكىستتىكى 罪 (گۇناھ) جانلىقلارنى «ئاۋىش دوزاخ» قا مەھكۇم قىلىدىغان بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھنى كۆرسەتكەچكە، قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە «ئانانتاراش ئايىغ قىلىنچ» دەپ تولۇق ھەم توغرا تەرجىمە قىلىنغان.

188. ياۋالتۇر بوقۇرۇر (تىنجىتماق - بويسۇندۇرماق): خەنزۇچە تېكىستتە 调伏 دېيىلگەن (ئىزاھ 172. «ياۋالتۇر» غا قاراڭ). «بوقۇرۇر -» نىڭ ئەسلى مەنىسى «تۆۋەنلەتمەك، چۈشۈرمەك» بولۇپ، بۇ يەردە «ياۋالتۇر» دېگەن پېئىل بىلەن مەنداش كەلگەن.

190. ئارخانت (ئارخات، ئارخانت): خەنزۇچە تېكىستتە 阿罗汉 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە arhat ياكى arhant نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىگە 应真,应供 دەپ مەنەن تەرجىمىمۇ قىلىنغان (ئىزاھ 58. «ئارخانت» قا قاراڭ).

191. ئەدگۈ تۇش (ياخشى نەتىجە): خەنزۇچە تېكىستتە 报恩 دېيىلگەن بولۇپ، تۆت شەپقەت (ئاتا - ئانا شەپقىتى، جانلىقلار شەپقىتى، خاننىڭ شەپقىتى، ئۈچ گۆھەر - بۇددا، دھارما ۋە راھىبلار شەپقىتى) گە پۈتۈن نىيەت بىلەن تىرىشىپ ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

192. شارىپۇترى بىلگە (دانىشمەن شارىپۇترى): خەنزۇچە تېكىستتە 舍利子 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە sāriputra نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ ۋە مەنەن تەرجىمىسىنىڭ قوشۇلۇپ ئاتىلىشىدۇر. ئادەتتە 舍利弗 دېگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئاتىلىدۇ. شارىپۇترى ساكيامۇنىنىڭ 10 چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكىسى بولۇپ، ئەقىل جەھەتتە باشقىلارنى

بېسىپ چۈشىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن، سىڭقو سەلى «بىلگە» سۆزىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلغان.

193. مۇدگالىيايانى ئارخانت: خەنزۇچە تېكستتە 目连 دېيىلگەن، سانسكرتچە Maudgalyāyana دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى 目犍连 نىڭ قىسقارتىلمىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇدگالىيايانى ساكيامۇنىنىڭ 10 چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرى بولۇپ، سىڭقوسەلى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئارخانت ئاتالغۇسىنى قوشۇپ ئۇلۇغلاپ ئاتىغان.

194. بۇرخان (بۇددا): خەنزۇچە تېكستتە 世尊 دېيىلگەن بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ 10 خىل نامىنىڭ 10 - سى (سانسكرىتچىسى lokanātha دەپ ئاتىلىدۇ) نى كۆرسىتىدۇ.

195. تىتىسى (شاگىرت): خەنزۇچە 弟子 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سىڭقو سەلى خەنزۇچە جۈملىنىڭ ئورامىغا ئاساسەن قوشقان.

196. تۇزۇن: بۇ سۆزنى سىڭقو سەلى خەنزۇچە جۈملىنىڭ ئورامىغا ئاساسەن قوشقان بولۇپ، «ئالىيجاناب، ئىسىلزادە؛ ئاقكۆڭۈل، ئەدەبلىك؛ ياخشى قىلمىشلىق؛ ئەۋلىيا» قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

195 - 196. مۇنتاغ ياڭلىغ (مۇشۇنداق، مۇشۇ خىل، بۇنىڭغا ئوخشاش): خەنزۇچە تېكستتە 斯等 نىڭ تەرجىمىسى. ياڭلىغ: خەنزۇچە 样 دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «ياڭ» غا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لىغ» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ئوخشاش، -دەك/-تەك» دېگەن مەنىدە. مەنە جەھەتتىن 等 نىڭكىگە ئوخشايدۇ.

199. ئوقىيۇ ئۆتۈن- (تەكلىپ قىلماق، چاقىرماق): خەنزۇچە تېكستتە 召请 دېيىلگەن، بۇ ئاتالغۇ بۇددا، بۇدىساتۋالارنى تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلىش، كىشىلەرنى تەلىم ئېلىشقا چاقىرىشنى كۆرسىتىدۇ.

200. شراۋاك: خەنزۇچە تېكستتە 声闻 دېيىلگەن. ئىزاھ «60 - 65 - تۆت تۇرلۇك قۇتقا قاتاغلانداچىلار» غا قاراڭ.

208. ئۆڭ ئالقىنچۇسى ئورۇن (ئۆڭ تۇگەنچىسى ئورۇن): خەنزۇچە تېكستتە 色究竟 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە Akanistha ياكى Aghanistha (سانسكرىتچە دېگەن ئاتالغۇ 色究竟天 نىڭ مەنەن تەرجىمىسى) نىڭ قىسقارتىلمىسى. ئۆڭ - رەڭ، ئالقىنچۇ - تۇگەنچە دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئۆڭ ئالقىنچۇسى ئورۇن» ئاتالغۇسى «ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى» (色界) دىكى «تۆت ديانا ئورنى» (四禅天) نىڭ ئەڭ ئۈستۈنكىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ «ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى» دىكى 18 ئورۇن (十八天) نىڭ بىرى، «شۇداۋاس پاكىز يەر» نىڭ بىرى دەپمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

209. شۇداۋاس ئارىغ يىر (شۇداۋاس پاكىز يەر):

خەنزۇچە تېكستتە 净居天 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە śuddhavasa نىڭ مەنەن تەرجىمىسى. شۇداۋاس (śuddhāvāsa، ) نىڭ قىسقارتىلمىسى 五净居天: (1) Avrha (无烦天), (2) Atapa (无热天), (3) Sudraś (善见天), (4) sudarśana (善现天), (5) Akanistha (色究竟天) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

210. ئۇلۇغ ئەزرۇئا: خەنزۇچە تېكستتە 大梵 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە Mahābrahma deva نىڭ تەرجىمىسى 大梵天 نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ئۇ «ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى» دىكى دەسلەپكى ديانا ئورنىنىڭ ئۈچىنچىسىگە ئورۇنلاشقان. ئىزاھ «74. ئەزرۇئا قۇۋراغى ئارزىلار» غا قاراڭ.

211. بۇرىيۇق (~بۇيرۇق ~ بۇيرۇق بەگ): خەنزۇچە تېكستتە 梵辅 دېيىلگەن، سانسكرىتچە Brahma—purohita نىڭ تەرجىمىسى 梵辅天 نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى. ئۇ «ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى» نىڭ دەسلەپكى ديانا ئورنىدىكى ئىككىنچى تەڭرى ياكى ئۇلۇغ

TURPANOLOGICAL RESEARCH

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەزرۇئانىڭ بۇيرۇقى بىگى ھېسابلىنىدۇ.

212 ـ 213. ئەزرۇئا قوۋراغى تەڭرىلەر (ئەزرۇئا جامائىتى بولغان تەڭرىلەر): خەنزۇچە تېكستتە 梵王众 دېيىلگەن بولۇپ، ئۇلۇغ ئەزرۇئاغا قاراشلىق تەڭرىلەرنى كۆرستىدۇ.

214. ئۈچ مىڭ يېرتىنچۈ (ئۈچ مىڭ ئالەم، ئۈچ مىڭ دۇنيا). خەنزۇچىدە 三千 دېيىلگەن بولۇپ، 三千世界 نى كۆرستىپ كەلگەن. ئىزاھ «214. مىڭ يېرتىنچۇ ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يېرتىنچۇ» گە قاراڭ.

215. ساۋ ئاتلىغ لوكاداتۇ يېرتىنچۇ يېر سۇۋ (ساۋ ئاتلىق دۇنيا ئالەم): خەنزۇچە تېكستتە 索诃世界 دېيىلگەن. ساۋ، 索诃 (ياكى 婆婆) ھەممىسى سانسكرىتچە sahā نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. لوكاداتۇ: سانسكرىتچە lokadhatuدىن كەلگەن بولۇپ، «دۇنيا، ئالەم» دېگەن مەنىدە (ساكيامۇنى دىن تارقاتقان رىئال دۇنيانى ياكى «ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ ئالەم» نى كۆرستىدۇ). sahā—lokadhātu: خەنزۇچىگە 索诃世界 (婆婆世界 مۇ دېيىلىدۇ) دەپ ئاھاڭ ۋە مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلىنغان. يېرتىنچۇ يېرسۇۋ (ئالەم ـ دۇنيا) دېگەنلەر «لوكاداتۇ» نىڭ مەنەن تەرجىمىلىرىدۇر.

223. كۆرۈپ ئال- (كەچۈرمەك، گۇناھىدىن ئۆتمەك): خەنزۇچە تېكستتە 摄受 (سانسكرىتچە pati—ganhāti نىڭ مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن بولۇپ، «گۇناھىنى كەچۈر- مەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 摄受 ئاتالغۇسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى «كۆرۈپ ئال-» نىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

223 ـ 226. ئادىنلار بەلگۈرتمەكى ئۈزە ئەركسىنتەچى ئاتلىغ ئاز ئەرىگتە بەلگۈرتكەلى سەۋىگلىگ: خەنزۇچە تېكستتىكى بەش بوغۇملۇق ئىككى مىسرادا 他化自在天有 及以乐 变化 دېيىلگەن. 他化自大天: بىر تەڭرىنىڭ نامى بولۇپ، سانسكرىتچىدە para—nirmita—vaśa—vartin دېيىلىدۇ. مەزكۇر تەڭرى باشقىلار پەيدا قىلغان خۇشال قىلىدىغان ئىشلار- دىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ تەڭرى كاماداتۇ دىكى ئالتىنچى قەۋەت ئاسماندا تۇرىدىغان تەڭرى بولۇپ، كاماداتۇ- (欲界, kama—dhātu) نىڭ ئالتىنچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋە «ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى» نىڭ ئىگىسى ماھېشۋارا ئىككىسى سادھارما (正法) نى بۇزىدىغان بولغاچقا، «ئالتىنچى قەۋەت تەڭرى يېرىدىكى ئالۋاستى خان» دەپمۇ ئاتىلارمىش. 乐变化: كاماداتۇدىكى ئالتە قەۋەت تەڭرى يېرىنىڭ بەشىنچىسى 乐变化天 (سانسكرىتچىدە Nirmāna—rati دېيىلىدۇ) نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتى- لىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسى سانسكرىتچىدە Sunirmita—devarāja (善化天王) دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئادىنلار بەلگۈرتمەكى ئۈزە ئەركسىنتەچى ئاتلىغ ئاز ئەرىگتە بەلگۈرتكەلى سەۋىگلىگ» نىڭ سۆزمۇ سۆز مەنىسى: «باشقىلارنىڭ پەيدا قىلغىنى بىلەن كۆچەيگۈچى ئاتلىق ھىرس پائالىيىتىدە نامايەن قىلىشقا ئامراق» بولۇپ، بىز خەنزۇچە تېكستتىكە ئاساسەن، تەرجىمىدە «باشقىلار پەيدا قىلغان (خۇشال قىلىدىغان ئىشلار) بىلەن ئۆزىنى كۆچلەندۈرگۈچى (شاتلاندۇرغۇچى)، ھىرس ئارقىلىق (خۇشاللىق) پەيدا قىلىشنى ياخشى كۆرگۈچى» دەپ ئال- دۇق. «ئاز»: ئوتتۇرا قەدىمكى پارسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ھىرس» قىلىشقا ئامراق» دېگەن مەنىدە، بىز خەنزۇچە تېكستكە ئاساسەن، تەرجىمىدە «باشقىلار پەيدا قىلغان (خۇشال قىلىدىغان ئىشلار) بىلەن ئۆزىنى كۆچلەندۈرگۈچى (شاتلاندۇرغۇچى)، ھىرس ئارقىلىق (خۇشاللىق) پەيدا قىلىشنى ياخشى كۆرگۈچى» دەپ ئالدۇق. «ئاز»: ئوتتۇرا قەدىمكى پارسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ھىرس» دېگەن مەنىدە.

226. تۇست تەڭرى يېرى: خەنزۇچە تېكستتە 者见史多天 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە Tusita نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (ئاھاڭ تەرجىمىدىن كېيىن 天 سۆزى قوشۇلغان)، خەنزۇچىدە ئادەتتە 兜率天 دېيىلىدۇ. تۇست تەڭرى يېرى: كامادا تۇدىكى ئالتە قات تەڭرى يېرىنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى سانسكرىتچىدە — **samtusita devarāja** (删兜率陀天王) دەپ ئاتىلىدۇ.

228. مائىترى (~ مايترى) بۇرخان: مائىترى: سانسكرىتچە **Maitreya** دىن كەلگەن. مائىترى بۇرخان خەنزۇچە تېكستتە 慈氏 (رەھىمدىل، شەپقەتلىك، مېھرىبان» دېگەن مەنىدە) دېيىلگەن، **Maitreya** نىڭ مەنە تەرجىمىسى. مائىترى براھمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كېيىن ساكيامۇنى بۇرخاننىڭ شاگىرتى بولغان. بۇددا نىرۋانا تېپىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بودىساتۋالىق سالاھىيىتى بىلەن تەڭرى، ئىنسانلار بۇددا دىنىدىن تەلىم بەرگەن. ئېيتىلىشىچە ئۇ جانلىقلارنى بۇددا ئەقىدىسى بويىچە يېتىلدۈرۈشنى ئىستىگەچكە، كۆڭلىگە مېھرىبانىلىقنى پۈكۈپ، دەسلەپىدىن باشلاپلا گۆش يېمىگەن. شۇڭا «رەھىمدىل» ئاتالغان. ساكيامۇنى ئۇ تۆت مىڭ ياشقا كىرگەندە (تەخمىنەن ئىنسانلار دۇنياسىدىكى 5 مىليارد 760 مىليون يىلغا توغرا كېلەرمىش) بۇ دۇنياغا چۈشۈپ تۇرىلىپ، ناگاپۇسپا (龙华树, **nāga puspa**) دەرىخى تۈۋىدە بۇددا ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقانمىش. شۇڭا ئۇ بۇددا دىنىدا كەلگۈسى بۇددا دەپ ئاتىلىدۇ. مائىترى بۇرخان: خەنزۇچىدە 弥勒佛 دېيىلىدۇ.

230 _ 231. يام تەڭرى يېرى: خەنزۇچە تېكستتە 夜摩 دېيىلگەن بولۇپ، خەنزۇچىدە يەنە 夜摩天، 焰摩天 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ۋە يام سانسكرىتچە **Yāma** دىن كەلگەن. يام تەڭرى يېرى: كاماداتۇدىكى ئالتە قەۋەت تەڭرى يېرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى **suyāma—devarāja** (须夜摩天王) دەپ ئاتىلىدۇ.

232. ئۈچ قىرق تەڭرى يېرى (33 تەڭرى يېرى): خەنزۇچە تېكستتە 三十三天 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە ئاتالغۇ **Trayastrimsa** نىڭ مەنە تەرجىمىسى. ئۇ كاماداتۇدىكى ئالتە قەۋەت تەڭرى يېرىنىڭ ئىككىنچىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر تەڭرى يېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭرى ئىندرا، تۆت تەرىپىنىڭ ھەر بىرىدە 8 دىن تەڭرى بولۇپ، جەمئىي 33 تەڭرى تۇرغاچقا، يۇقىرىقىدەك ئاتالغان.

234. تۆرت ماخارانچلار ئورۇنى (تۆت ماھاراجلار ئورنى): خەنزۇچە تېكستتە 四大王众天 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە **cāturmahārājakāyika—deva** نىڭ مەنە تەرجىمىسى 四大王天 گە 众 سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئورۇن كاماداتۇدىكى ئالتە قەۋەت تەڭرى يېرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، تۆت ماھاراجا تەڭرىلەر (四大天王) ۋە ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرى تۇرىدۇ.

235. يېرتىنچۇ يىرسۇۋ كۈزەتچىلەر (دۇنيانى قوغدىغۇچىلار): تۆت ماھاراجالار (四天王) نى كۆرسىتىدۇ. ئىزاھ «87 _ 89. ئەزرۇئا خورمۇزتا تۆرت مخارانچ تەڭرىلەر» گە قاراڭ.

238. سۇمېر تاغ: خەنزۇچە تېكستتە 妙高山 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە **sumeru** نىڭ مەنە تەرجىمىسى، ئاھاڭ تەرجىمىسى 须你山. سۇمېر: **sumeru** دىن كەلگەن. ئىزاھ «26. چامبۇدۋىپ» قا قاراڭ.

239 _ 240. يىتى ئالتۇنلۇغ تاغ (يەتتە ئالتۇنلۇق تاغ، يەتتە ئالتۇن تاغ): خەنزۇچە تېكستتە 七海山 دېيىلگەن بولۇپ، سۇمېر (سۇمېرۇ) تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى يەتتە ئالتۇن تاغنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى تەرىپىدە سەككىز دېڭىز بار دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



241. پۇرناباترى: سانسكرىتچە purnabhadra دىن كەلگەن خەنزۇچە تېكستتە 满财 دېيىلگەن بولۇپ، ئادەتتە سانسكرىتچىدىن قىلىنغان مەنەن تەرجىمىسى 满贤 دېيىلىدۇ. پۇرناباترى: بۇددا دىنىدا سۆزلىنىدىغان «سەككىز بۆلەك جامائەت (八部众) نىڭ ئۇچىنچى تۇرىگە تەۋە سەككىز ياكسانىڭ ئىككىنچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

241. پانچاسىكى: سانسكرىتچە pancasikhinدىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە 五顶 (سانسكرىتچىنىڭ مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن. ئۇ، (1) بېشىنىڭ چوققىسىدا بەش چاچ تۇگۈنى بارلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەش خەتنى ئەپسۇن قىلغان مانجۇشىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) 五顶 بولسا، 五佛顶 نىڭ قىسقارتىلمىسىمۇ ھېسابلىنىدۇ.

242. گرخ: سانسكرىتچە graha دىن كەلگەن بولۇپ، «سەييارە، ئاسمان جىسىملىرى، يۇلتۇز» دېگەن مەنىدە. خەنزۇچە تېكستتە 星辰 (يۇلتۇزلار) دېيىلگەن، سانسكرىتچىنىڭ مەنەن تەرجىمىسى.

247. ۋاخشىك: سوغدىچە w'xsk تىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە «روھ، ئەرۋاھ» دېگەن مەنىدە ئىدى. ىبراق خەنزۇچە تېكستتىكى 诸天神 دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە «قاماغ تەڭرىلەر» تۇزۇن ياۋاش ۋاخشىكلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇچە 神 (ئىلاھ) سۆزى «ۋاخشىك» دەپ ئېلىنغان. دېمەك، «ۋاخشىك» ئاتالغۇسى «ئىلاھ، تەڭرى» مەنىسىدە ئىستىمال قىلىغان.

249 ـ 250. تەڭرى بۇرخانىغ ئاياتاچى بۇتىماتا ئاتلىغ ئۇماي ئىيەسى (تەڭرى بۇرخاننى ھۆرمەتلىگۈچى بۇتىماتا ئاتلىق ئۇماي ئىگىسى): خەنزۇچە تېكستتە 敬礼鬼子母 دېيىلگەن بولۇپ، ① خەنزۇچە تېكستتە 礼 خېتى 佛 دەپ يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى بۇ يەردىكى 敬礼 سۆزى بۇرخانغا (بۇدداغا) بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىشى كېرەك. ②بۇتىماتا: سانسكرىتچىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ىبراق سانسكرىتچە ئېنىق ئاتالغۇسى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ③ ئۇماي: ئانا ۋە باللارنى قوغدىغۇچى ئىلاھە بولۇپ، «بۇشماتا ئاتلىغ ئۇماي ئىيەسى» نى «بۇتىماتا ئاتلىق ئىلاھە ئۇماي» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. سىڭقۇ سەلى (ئىزاھ 108. گە قاراڭ) نى «بۇتىماتا ئاتلىغ ئۇماي ئىيەسى» دەپ تەرجىمە قىلغانلىقى، ھارىتى (鬼子母, Hariti) نىڭ ئالۋاستىدىن ئۆزگىرىپ، ئانا ـ باللارنى قوغدايدىغان ئىلاھەگە ئايلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇتىماتا ھارىتىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. بىز تەرجىمىدە «ئىيەسى» (ئىگىسى) دېگەن سۆزنى ئالمىدۇق.

252 ـ 259. قۇرلاردىكى تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى بۇددا دىنىدا سۆزلىنىدىغان «سەككىز بۆلەك جامائەت (八部众) نى كۆرسىتىدۇ.

① تەڭرى: خەنزۇچە تېكستتە 天 دېيىلگەن. سانسكرىتچىسى eva دەپ ئاتىلىدۇ.

② لۇ (ئەجدىھا): خەنزۇچە تېكستتىكى 龙 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ساز.

③ يەك (ئەرۋاھ؛ ئالۋاستى، جىن): خەنزۇچە تېكستتە 药叉 دېيىلگەن (يەنە 夜叉 دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئىزاھ «114 ـ 115. ئالقۇ تۇزۇن ياۋاش يەكلەر» گە قاراڭ.

④ گانتارۋى: سانسكرىتچە Gandharva دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتە 乾闼婆 نىڭ قىسقارتىلمىسى ھېسابلىنىدۇ. گانتارۋى بۇددا دىنىدا خۇشپۇراقلار ئىلاھى ياكى نەغمە ئىلاھى ھېسابلىنىدۇ.

⑤ ئاسۇرى: سانسكرىتچە Asura دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكستتىكى 阿苏罗 مۇ سانسكرىتچىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاسۇرى ئەسلىدە قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدىكى بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگۈچى ئىلاھ ھېسابلانغان. ئاسۇرىلار ھەمىشە تەڭرىلەر بىلەن سوقۇشقاچقا، جەڭ مەيدانلىرى «ئاسۇرا مەيدانى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇددا دىنىمۇ

TURPANOLOGICAL RESEARCH

بۇ خىل قاراشنى داۋاملاشتۇرغان.

⑥ كىنارى: سانسكرىتچە **Kimnara** دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكىستتىكى (紧那罗) سانسكرىتچە **kinnara** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئۇ ناخشا - مۇزىكا ئىلاھى ھېسابلىنىدۇ.

⑦ كىشىلى كىشى ئەرمەزلى (ھەم ئادەم ھەم ئادەم ئەمەسلەر): سانسكرىتچە **kimnara** نىڭ مەنەن تەرجىمىلىرىنىڭ بىرى خەنزۇچىدە 人非人 دېيىلىدۇ. سىڭقۇ سەلى خەنزۇچە تېكىستتىكى 紧那罗 نىڭ ئۇنىڭ سانسكرىتچىسىگە ئاساسەن «كىنارى» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىلا قىلىپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ خەنزۇچە مەنەن تەرجىمىسى 人非人 گە ئاساسەن «كىشىلى كىشى ئەرمەزلى» دەپ تەرجىمە قىلىپ قوشۇپ قويغان (خەنزۇچە تېكىستتە 人非人 دېگەن سۆز يوق).

⑧ ماخۇراگى: سانسكرىتچە **Mahoraga** دىن كەلگەن. خەنزۇچە تېكىستتە 莫呼洛伽 (**Mhoraga** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) دېيىلگەن. ئۇ زور بوغما يىلان ئىلاھىدۇر.

خەنزۇچە تېكىستتە بۇددا دىنىدىكى تەڭرى - ئىلاھلار ھېسابلىنىدىغان «سەككىز بۆلەك جامائەت» نىڭ ئالتىنچىسى سانىلىدىغان گارۇدا (金翅鸟) تىلغا ئېلىنمىغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تېكىستتىمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

261. بۇرخان كۈچى: خەنزۇچە تېكىستتە 世尊力 دېيىلگەن بولۇپ، (世尊) ساكيامۇنىنىڭ 10 چوڭ نامىنىڭ 10 - سى. بۇرخان (بۇددا) كۈچى خەنزۇچىدە ئادەتتە 佛力 دەپ ئاتىلىدۇ. ۋە بۇددانىڭ ئەقىل كۈچى (智力)، ئوڭايلىق بېرىش كۈچى (方便力) ئىستەك كۈچى (愿力) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

263 - 264. يارلىقانچۇچى كۆڭۈل كۈچى ئۆزە (مېھرىبان كۆڭۈل كۈچىبىلەن): خەنزۇچە تېكىستتىكى 慈悲心 نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «كۈچى» دېگەن سۆز قوشۇلغان.

267 - 269. قايۇ نەچە بار ئەرسەر. . ئادىنلار كۆڭۈلىن بىلتەچى ئاچۇق ئادىرتلىغ كۆرتەچى (باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغانلار، ئوچۇق - ئېنىق كۆرىدىغانلار قانچىلىك بار بولسا): خەنزۇچە تېكىستتىكى مۇنۇئىككى مىسرانىڭ، يەنى 一切人天众 能了他心者 نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تەرجىمان 人天 (ئىنسان، تەڭرى) نى تەرجىمە قىلمىغان، «ئاچۇق ئادىرتلىغ كۆرتەچى» (ئوچۇق - ئېنىق كۆرگۈچى) دېگەن سۆزلەرنى قوشقان. بىز يۇقىرىقىدەك مىسرالارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست بىلەن ئۇنىڭ خەنزۇچە ئەسلى تېكىستىدىن پايدىلانغان ئاساستا تەرجىمە قىلدۇق.

270 - 271. كۈۋ كەلىگ ئەدرەملەرىگ ئۇنتۇر - : خەنزۇچە تېكىستتە 加神力 دېيىلگەن. كۈۋ: «ئاتاق، نام، شۆھرەت؛ مەشھۇر»، كەلىگ: كېلىش؛ پەيدا بولۇش، ھاسىل بولۇش»، ئەدرەم (~ ئەردەم): «پەزىلەت؛ قابىلىيەت، ئىقتىدار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «كۈۋ كەلىگ ئەدرەم» خەنزۇچە تېكىستتىكى 神力 (神通力 نىڭ قىسقارتىلمىسى) دېگەن ئاتالغۇغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇ ئاتالغۇ سانسكرىتچىدە **riddhi** دېيىلىدۇ ۋە بۇددا، بۇدىساتۋالارنىڭ خىلمۇ خىل، ئاجايىپ كۈچ - ئىقتىدارلىرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز تەرجىمىدە «ئاجايىپ كۈچلىرىنى چىقارماق» دەپ ئالدۇق.

273. كۆك قالىغ (كۆك - ئاسمان): خەنزۇچە تېكىستتە 虚空 دېيىلگەن. 虚空 سانسكرىتچە ئاتالغۇ **āKāsa** نىڭ مەنەن تەرجىمىسى بولۇپ، ھەممىدە مەۋجۇت تەلىماتىدا، چېكى يوق، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان، ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا ھەممىنى سىغدۇرالايدىغان بوشلۇق دەپ چۈشەندۈرىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى سىڭقۇ سەلى بۇ يەردە «كۆك - ئاسمان» دەپ تەرجىمە قىلغان.

274. سانسار: سانسكرىتچە **samsāra** دىن كەلگەن بولۇپ، سانسكرىتچىدىن خەنزۇ-

TURPANOLOGICAL RESEARCH

www.uyghurkitap.com


چىگە قىلىنغان مەنەن تەرجىمىسى 轮回 دېيىلىدۇ. ئۇ «ھايات ـ ماماتلىق ئايلىنىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، جانلىقلارنىڭ «ئۈچ خىل تەڭرى يېرى» (Trilokya, 三界)، «بەش ئاۋۇن» (panca agti 五趣) دىكى ھايات ـ ماماتلىق ئالەمدە توختىماستىن ئايلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، خەنزۇچە تېكستتە، «سانسار» غا ماس كېلىدىغان سۆز يوق بولۇپ 法界 دېگەن سۆز بار. دھارماد ھاتۇ (harmadhātu, 法界): 1. ① بىلىشنى مەركەز قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرگە قارىتىلغان تۆرگە ئايرىش ھېسابلانغان ئون سەككىز (ھاتۇ astādasadhātu, 十八界) نىڭ بىرىنى؛ ② ئومۇمەن ھەر خىل شەيئىلەرنى؛ ③ ھادىسىلەرنىڭ مەنبەئى ۋە ماھىيىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. 2. ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەزگۈ ئەزالىرى، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلاتى قاتارلىقلارنى، يەنى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن، كۆڭۈل؛ رەڭ، ئاۋاز، پۇراق، تەم، تېگىش، دھارما ۋە ئۇلاردىن ھاسىل بولغان بىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، سىڭقو سەلى خەنزۇچە تېكستتىكى 法界 ئاتالغۇسىنى تەرجىمە قىلمىغان، «سانسار» ئاتالغۇسىنى قوشقان.

276. تىرىگ تىنلىغ ئوغۇشى (تىرىك ـ جانلىق قوۋملىرى): خەنزۇچە تېكستتە 生类 (جانلىقلار تۈرلىرى) دېيىلگەن بولۇپ، تەرجىمان 生 سۆزىنى «تىرىگ تىنلىغ» دەپ كۈچەيتىپ تەرجىمە قىلغان. بىز 生类 نى تەرجىمىدە «جانلىقلار قوۋملىرى» دەپ ئالدۇق.

277 ـ 279. ئۆتۈنمىش يالۋارمىش ئۆتۈگۈمىن «ئۆڭى ئادىنسىغ قىلمازۇنلارتىپ :: مۇنچۇلايۇ ئۆتۈنمىش كەرگەك (ئۆتۈنگەن ـ يالۋۇرغان ئىلتىماسىمنى ئايرىم ـ باشقىچە قىلمىسۇن دەپ مۇشۇنداق ئۆتۈنۈش كېرەك): بۇ سۆزلەر خەنزۇچە تېكستتە يوق بولۇپ، سىڭقو سەلى تەرىپىدىن قوشۇلغان.

288 ـ 289. بۇ نوم ئەردىنىنگ ئوقىيۇ دارنىلارىغ سۆزلەيۇ (بۇ گۆھەر نومنى ئوقۇپ، دارنىلارنى سۆزلەپ): خەنزۇچە تېكستتە 读诵此金光明微妙经典 دېيىلگەن بولۇپ، سۆزمۇ سۆز ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنماستىن، جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلىنغان.

299. نوم ئەردىنى (گۆھەر نوم): خەنزۇچە تېكستتە 妙绎王 (ئېسىل نوم پادىشاھى) دېيىلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە جانلىق تەرجىمە قىلىنغان.

304. بۇشى (سەدىقە): خەنزۇچە 布施 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، گەرچە خەنزۇچە تېكستتە بۇ سۆز يوق بولسىمۇ، خەنزۇچە تېكستتىكى 法施 ("نوم (سەدىقىسى) بەرمەك") دېگەن سۆزلەردىن «سەدىقە» مەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ.

308. كۆڭۈل ئۆرىت. (كۆڭۈل تۇرغۇزماق، نىيەت باغلىماق): خەنزۇچە تېكستتە 发心 دېيىلگەن بولۇپ: ① بۇددا دىنىدا ئەڭ يۇكسەك تۇيغۇ ھېسابلىنىدىغان بودى (菩提, bodhi) غا ئېرىشىش ئىستىكىنى، ② ھايات ـ ماماتلىق سانساردا ئازاپ چېكىۋاتقان بارلىق جانلىقلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا نىيەت باغلاشنى، ③ بودى (تۇيماق) كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، بۇددا تەرىقىتىنى تەلەپ قىلىپ، جانلىقلارنى تەربىيىلەيدىغان يۇكسەك نىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

308 ـ 310. «تەرك ئۆدۈن قۇترۇلماقلىغ ئەدگۈتۈشكە ئۇتلىقا تەگكەيلەر» (تېزلا قۇتۇلىدىغان ياخشى نەتىجە ـ ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ): خەنزۇچە تېكستتە 速趣菩提 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە bodhi نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا، بۇ ئاتالغۇنىڭ «بودى» دېگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى ۋە «تۇيماق، تۇيۇنماق» دېگەن مەنەن تەرجىملىرى كۆرۈلىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ 觉, 智, 知, 道 قاتارلىق مەنەن تەرجىملىرى بار. كەڭ مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ نىزۋانىلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، نىرۋاناغا ئېرىششتىكى ئەقىل ـ ئىدراكنى بىلدۈرىدۇ. بۇددا، پراتيېكابۇت، شىرۋاكلارنىڭ ھەر

قايسىسىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىگە يارىشا «تۆيۈنماق» ى بولۇپ، بۇددانىڭكى ئەڭ يۇكسەك «تۆيۈن- ماق» ھېسابلىنىدۇ. سىڭقوسەلى بۇ يەردە، 菩提 نى "(سانساردىن) قۇتۇلىدىغان ياخشى نەتىجە - ئاقىۋەت (يەنى نىرۋانا ئېرىشىش)" دەپ شەرھىيلەپ تەرجىمە قىلغان.

ئەسكەرتىش: خەنزۇچە تېكستنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا، 13 - 16 - سۆزلەر: 不可
思议 ۋە 33 - 34 - سۆزلەر: 利益 تەرجىمە قىلىنمىغان.

## تەرجىمە I

1. (ساراسۋاتى) تەڭرى قىزى كوندىنى براھماننىڭ بۇ
2. (سۆز) لىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:
3. «ياخشى، ياخشى! ئەي براھمان، ئەگەر قايسى
4. جانلىقلار سەن سۆزلىگەن دارىنىنى (ۋە)
5. دارىنىدىكى ماختاش - مەدھىيلەرنى
6. ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەي، (بۇددا) نومى (ۋە) قائىدىسى
7. بويىچە ئۈچ گۆھەرگە ئىشىنىپ، سۆزۈك-
8. سەممى نىيەت تۇرغۇزۇپ، توغرا
9. ئوي توغرا نىيەت بىلەن بۇ گۆھەر
10. نومنى ئوقۇپ، دارىنىلارنى سۆز-
11. لەپ، ( ‹ئاندىن› ھەر قانداق تىلەك تىلىسە، ھەممە)

## تەرجىمە II

V Ⅲ. 2a. 499

1. "...... (بۇددالار) يارلىق قىلسا (سۆزلىسە)، ماھىيىتى بويىچە
2. سۆزلەيدۇ، راستى بويىچە سۆزلەيدۇ،
3. يالغان - ساختا سۆز
4. قىلمايدۇ. يەنە چەكسىز-
5. سانسىز كولتى ساندەك كالپ
6. زامانلاردىن بېرى، يەنىلا
7. دائىم - ھەمىشە توغرا-
8. راست سۆزلەرنىلا قىل-
9. دى. ئەگەر باشقى-
10. لار توغرا - دۇرۇس سۆزلۈك بولسا،
11. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق
12. سەممى سۆزلىرىدىن
13. شادلاندى.
14. ئەزەلدىن ئاشۇنداق توغرا - دۇرۇس
15. يارلىقلىق (سۆزلۈك بولغىنى) ئۈچۈن، ئەمدى (يەنە)
16. كەڭ - نېپىز، يۇقا - نېپىز، يۇمشاق -
17. سىلىق، كىرسىز - داغسىز،
18. پاك - سۈزۈك، بىنەپشە رەڭلىك نىلۇفەر
19. يۇپۇرمىقىدەك ئوڭغا قايرىلغان

20. مۇقەددەس تىل گۆھىرىنى ئېغىز
21. قەسىردىن چىقىرىپ،

VIII. 2b, 500

22. تولۇق يۈزلۈك (نوملۇق) چاقى-
23. ـنى پۈتۈنلەي ياپتى (يەنى بۇددا نومىدىن تەلىم بەردى).
24. (تولۇق) يۈزلۈك (نوملۇق) چاقىنى قانداق
25. ياپقان بولسا (يەنى بۇددا نومى نوملىغان بولسا)، خۇددى
26. شۇنىڭدەكلا، چامبۇدۋىپ دۇنياسى بىلەن
27. قالغان ئۈچ دىۋىپنى (دۇنيانى) مىڭ ئالەم،
28. ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ
29. مىڭ ئالەمنى، ھەمدە ئون
30. تەرەپتىكى ئەللەرنىڭ بىر-
31. ـنىمۇ قالدۇرماستىن، ھەممىسى-
32. بارچىسىنى پۈتۈنلەي تولۇق ياپ-
33. ـتى (يەنى ھەممىسىگە تولۇق نوم نوملىدى).
34. ئاشۇنداق تەڭداشسىز مۇقەددەس-
35. قۇتلۇق تىل گۆھىرى بىلەن تەھلىل قىلىپ - سۆزلەپ،
36. يەنىلا ئىزۋانىلىق
37. ئوت - يالقۇن بىلەن ئۆرتىنىپ كۆي-
38. ۋاتقان، چۆككەن - بۇزۇلغان كۆڭۈللۈك
39. بىچارە - پەرىشان جانلىق پەرزەنت-
40. ـلىرىنى نوملۇق يامغۇر ياغدۇرۇپ (يەنى نوم نوملاپ) خاتىرجەملىك-
41. تىنچلىقتا ئېرىشتۈردى.
42. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۈتۈنلەي سۈزۈك-
43. سەمىمى كۆڭلۈم بىلەن (بۇددانى) ھۆرمەتلەپ-
44. ئىززەتلەپ، (ئۇنىڭغا) يۈكۈنۈپ باش ئۇرىمەن.

VIII. 3a. 501

45. يەنە يۈكۈنىمەن (ھۆرمەت بىلدۈرىمەن)
46. ئۇ بۇرخاننىڭ (بۇددانىڭ) مۇقەددەس تىل
47. بەلگىسىگە، مەنمۇ (ئۇنىڭدەك) ئاجا-
48. ـيىپ ئېسىل ناتىقلىق ئىتقادار-
49. ـغا تولۇق ئىگە بولاي!
50. ئىسسىق جېنىم بىلەن (پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن)،
51. سۈزۈك - سەمىمى كۆڭلۈم بىلەن:
52. يۈكۈنىمەن (ھۆرمەت بىلدۈرىمەن) جىمى بۇرخانلار (بۇددالار).
53. ـنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ناتىق-
54. ـلىق تالانتىغا، يۈكۈنىمەن بارلىق
55. بودىساتۋالارنىڭ ئاجايىپ ئېسىل

56. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە.
57. يۈكۈنمەن ھەممە پراتىيكا بۈت-
58. لارنىڭ (ۋە) ئارخاتلارنىڭ
59. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق
60. قابىلىيىتىگە، يۈكۈنمەن تۆت
61. تۈرلۈك قۈتقا (مەرتىۋىگە) يىتىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگۈچى-
62. لەرنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ناتىق-
63. لىق قابىلىيىتىگە. يۈكۈنمەن تۆت
64. تۈرلۈك قۈتقا ئېرىشكەن ئەۋلىيا-
65. لارنىڭ ئاجايىپ ئېسىل
66. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە، يۈكۈنمەن

VIII. 3b. 502

67. تۆت تۈرلۈك ئەۋلىيالارنىڭ -
68. ھەقىقى نوم نومىلىغۇچىلارنىڭ
69. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق قابىلى-
70. يىتىگە، يۈكۈنمەن توغرا قىلمىش-
71. لىقلارنىڭ (ۋە) توغرا قاراشتىكىلەرنىڭ
72. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق
73. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنمەن
74. ئەزرۇئا جامائىتى (بولغان) ئەۋلىيالارنىڭ
75. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق
76. قابىلىيىتىگە، يۈكۈنمەن ئۈلۈغ
77. تەڭرى ئۈماخاتۈننىڭ
78. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق
79. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنمەن ساكاندى
80. ئاتلىق تەڭرى (قىزد)نىڭ ئاجايىپ
81. ئېسىل ناتىقلىق قابىلىيىتىگە،
82. يۈكۈنمەن ماناسى ئاتلىق ئەجدىھا
83. خاننىڭ ئاجايىپ ئېسىل
84. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە.
85. يۈكۈنمەن سوماۋى ئاتلىق تەڭرىنىڭ
86. ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق
87. قابىلىيىتىگە، يۈكۈنمەن ئەزرۇئا
88. خورمۇزتا (ۋە) تۆت ماھاراجا تەڭرى-
89. لەرنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ناتىقلىق،

VIII. 4a. 503

90. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنمەن سۇپراتىستىتا
91. ئاتلىق تەڭرىنىڭ ئاجايىپ ئېسىل

كىتاب تورىبېكىتى www.turkitap.com



92. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە،
93. يۈكۈنىمەن ۋاچراپانى تەڭرىنىڭ
94. ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
95. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن ۋىسنۇ
96. تەڭرىنى ئاجايىپ ئىسىل نا-
97. تىقلىق قابىلىيىتىگە، يۈكۈنىمەن
98. ۋىمالى ئاتلىق تەڭرى قىزىنىڭ
99. ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
100. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن شىسدىۋى
101. ئاتلىق تەڭرىنىڭ ئاجايىپ ئىسىل
102. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە،
103. يۈكۈنىمەن شىرىدىۋى ئاتلىق تەڭرى (قىز) -
104. نىڭ ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
105. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن شىرىمادى
106. ئاتلىق تەڭرىنىڭ ئاجايىپ
107. ئىسىل ناتىقلىق قابىلىيىتىگە،
108. يۈكۈنىمەن شىرىدىۋى ئاتلىق تەڭرى-
109. نىڭ ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
110. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن ئانا تەڭرى-
111. نىڭ ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق

Ⅷ. 4b. 504

112. قابىلىيىتىگە، يۈكۈنىمەن هارىتى ئانىسى-
113. نىڭ ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
114. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن بارلىق
115. مۇلايىم - ياۋاش جىنلارنىڭ ئاجايىپ
116. ئىسىل ناتىقلىق قابىلىيىتىگە،
117. يۈكۈنىمەن ئۇن تەرەپتىكى ئورۇن-
118. لاردا ياشىغۇچى ئۇلۇغ، كۈچلۈك -
119. قۇدرەتلىكلەرنىڭ (هۆكۈمرانلارنىڭ) ئاجايىپ ئىسىل
120. ناتىقلىق قابىلىيىتىگە. بۇلار-
121. نىڭ ياخشى پەزىلىتى بىلەن قىلغان
122. بارلىق ئىش - ئەمەللىرى ياردەم - مەدەت
123. قىلسۇن ماڭا، ئىرىشتۇرسۇن
124. مېنى (ئۇلارنىڭ) تۈگىمەس - پۈتمەس (ۋە)
125. ئاجايىپ ئىسىل ناتىقلىق
126. قابىلىيىتىگە. يۈكۈنىمەن ئالدامچىلىق-
127. يالغانچىلىق قىلمايدىغانلارغا، يۈكۈنىمەن (سانساردىن) ئۆزغان-
128. قوتۇلغانلارغا. يۈكۈنىمەن (نىرۋانىلىق)
129. ئىستەكلەردىن ئايرىلغانلار-

130. غا، يۈكۈنمەن (نىزۋانىلىق) يوپۇق-
131. چۈشەكلەرنى تاشلىۋەتكەنلەرگە. يۈكۈ-
132. نمەن كۆڭلى پاك - سۆزۈكلەر-
133. گە، يۈكۈنمەن (بۇددا، بودىساتۋالاردىن چاقنىغان) نۇر - يورۇقلارغا،
134. يۈكۈنمەن توغرا - دۇرۇس سۆزلۈكلەرگە،

VIII. 5a. 505

135. يۈكۈنمەن (نىزۋانىنىڭ) ھىدى - يۇقىنى قالدۇرمىغان-
136. لارغا. يۈكۈنمەن (بۇددا دىنىنىڭ) ئېسىل ئەقىدىلىرىدە
137. تۇرغانلارغا (بۇددا ئەقىدىسىدىن تەۋرەنمىگەنلەرگە)، يۈكۈنمەن ئۇلۇغ جانلىق-
138. لارغا. يۈكۈنمەن ساراسۋاتى
139. تەڭرى (قىز)غا — مېنى (سۆزدە) تۇتۇلمايدىغان
140. ناتىق قىلغۇچىغا. (بۇددا دىن) قۇت تىلەيمەن
141. يالۋۇرۇپ، مېنىڭ ئارزۇ قىلغان - تىلىگەن ئىشىمى —
142. بارچە (ئىشىمنى) تېزراق - چاپسانراق
143. پۈتتۈرۈپ بەرگەي. دائىم-
144. ئۇزاققىچە تىنچ - خاتىرجەم، ئاغرىق - سىلاق-
145. سىز بولاي، ئۆمرۈم ئۇزۇ-
146. راپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي.
147. ئوبدان ئۇقاي - چۈشىنەي ئەقىل - بىلىم
148. دارنىسى (ۋە) قابىلىيەتنى، (باشقىلارنى) تەربىيىلىنىپ يېتىلىپ
149. بودى (تۇيۇنماق) يولىنى تېپىشقا دەۋەت قىلاي.
150. بارلىق جانلىق پەرزەنتلىرىگە (بۇددا نومى ئارقىلىق) پايدا يەتكۈزۈشنى
كېڭەيتەي،
151. كۈتكەن ئۈمىدىمنى تېزلا
152. ۋاقىتتا قاندۇرسۇن. مەن
153. سۆزلەيمەن توغرا - راست - چىن
154. سۆزنى، مەن سۆزلەيمەن
155. يالغان - ساختا ئەمەس راست
156. سۆزنى. ئەي ناتىقلار قۇدرەتلىكى، ئالىيجاناپ

VIII. 5b. 506

157. تەڭرى قىزى! مېنى بۇ (ناتىقلىق)
158. قابىلىيىتىگە كەم ئەمەس - تولۇق ئىگە قىلىڭ.
159. (سىزدىن) تىلەيمەن - ئۈمىد قىلىمەن،
160. تەڭرى قىزى سىز كېلىپ،
161. مېنى تىلى تۇتۇلماس - سۆزى
162. ئىنتايىن راۋان قىلىڭ. دەرھال كىرىپ
163. ئورۇنلىشىڭ ئاغزىم ئىچىگە تىلىم-
164. تىلىمگە، زېرەك - ئەقىللىك (ۋە) ناتىقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



165. قابىلىيىتىگە تولۇق ئىگە بولاي. (سىزدىن)
166. تىلەيمەن - ئۈمىد قىلىمەن، مېنىڭ بۇ تىلىم
167. ئالماشسۇن، مەن بۇرخانلارنىڭ
168. مۇقەددەس، ساپ ناتىقلىقىغا
169. ئېرىشەي. ئاشۇنداق
170. گەپ - سۆزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى
171. ئارقىلىق، بارلىق جانلىقلار پەرزەنت-
172. لىرىنى (يامان قىلمىشلىقلارنى) بويسۇندۇرغۇچى بولاي.
173. مېنىڭ ئاغزىمدىن گەپ - سۆز
174. چىققاندا، دېگەن ئىشلارنىڭ
175. ھەممىسى ئەمەلگە ئاشقاي.
176. (سۆزۈمنى) ئاڭلىغان جانلىقلار قاتتىق ھۆرمەت
177. كۆرسەتسۇن، قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى
178. بوشقا - بىكارغا كەتمىسۇن.
179. (مەن) مۇشۇنداق دەپ ناتىقلىق

VIII. 6a. 507

180. قابىلىيىتى تىلىدىم، ئەگەر ئىشىم-
181. نى پۈتتۈرۈپ بەرمىسىڭىز،
182. تەڭرىم سىزنى ئاغزىڭىزغا ئالغان
183. توغرا - راست سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى
184. بۇزۇلۇپ يالغان بولىدۇ
185. شۇبھىسىز. (ئەگەر) ئانانتاراش
186. گۇناھنى ئۆتكۈزگۈچىلەر
187. بولسا، بۇرخاننىڭ (بۇددانىڭ)
188. يارلىقى (سۆزلىرى) ئۇلارنى بويسۇندۇرىدۇ - تىنچلاندۇرىدۇ.
189. (مەن) يەنە ھۆرمەتكە
190. سازاۋەر ئارخاتلارنىڭ
191. بارلىق ياخشى نەتىجىلىك
192. سۆزلىرى، شارىپۇترى ئەۋلىيا-
193. نىڭ، مۇدگالىيايانى ئارخاتىنىڭ،
194. تەڭرى بۇرخاننىڭ شاگىرتلىرى (ھېسابلانغان)
196. ئالدىنقى قاتاردىكى ئېسىل جامائەتنىڭ، (يەنى) ئاشۇنداق
197. ئالىيجانابلارنىڭ توغرا - راست
198. سۆزلىرى بىلەن ھەممىگە تۈگەللىك بولاي دەپ تىلەيمەن. شۇڭا
199. ئەمدى چاقىرىمەن - تەكلىپ قىلىمەن ھەممىسىنى،
200. تەڭرى بۇرخان (بۇددا) نىڭ شاگىرتلىرى - شىراۋاكلار
201. جامائىتىنى. ھەممىسى - بارچىسى
202. تىلىكىم بويىچە تېز - چاپسان كەلسۇن،

TURPANOLOGICAL RESEARCH

VIII. 6**b**. 508

203. كۆڭۈلدىكى تىلىكىمنى پۈتۈنلەي پۈتتۈرۈپ
204. بەرسۇن. ئىستەيمەن - تىلەيمەن
205. توغرا، راست - چىن سۆزلەرنى، ھەممە چاغدا
206. تىلەيمەن ساختا - يالغان ئەمەس راست سۆزلەر-
207. نى؛ ئۈستۈن (يۇقىرىدا) تۇرغۇچى تەڭرىلەرنى،
208. ئۆڭ تۆگەنچىسى ئورۇننى ۋە
209. رېتى بويىچە سۇداۋاس پاكىز يەردە
210. تۇرغۇچىلارنى؛ ئۇلۇغ ئەزرۇئا
211. بىلەن بۇيرۇق بەگلىرىنى، شۇنداقلا
212. ئەزرۇئا جامائىتى (بولغان) بارلىق
213. تەڭرىلەرنى، ھەتتا
214. ئۈچىلىك ئالەم ئىچىدىكى
215. ساۋئاتلىق لۇكاداتۇ ئالەم-
216. دۇنيا ئىگىسىنى؛ تېخى يەنە
217. (ئۈنىڭ) گۇرۇھى - جامائىتى ھەممىسى-
218. نى، بارلىق تەڭرىلەرنى،
219. ھەممىنى - بارچىنى تەكلىپ قىلىمەن.
220. (ئۇلار) مېھرىبان كۆڭۈل ئۆزگىتىپ
221. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشسۇن،
222. شەپقەت قىلىپ بارلىق (گۇناھكارلارنىڭ)
223. گۇناھىنى كەچۈرسۇن. باشقىلار
224. پەيدا قىلغان (خۇشال قىلىدىغان ئىشلار) بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرگۈچى
225. (شاتلاندۇرغۇچى)، ھىرىس ئارقىلىق (خۇشاللىق) پەيدا قىلىشنى

VIII. 7**a**. 509

226. ياخشى كۆرگۈچى (لەرنىڭ) ئايىقىنىڭ ئاستىدىكى
227. ئورۇندىكى (تەڭرى يېرىدىكى، يەنى) تۆست تەڭرى يېرىدىكى
228. جىمى تەڭرىلەر، مائىترى
229. بۇرخان (بۇددا) قاتارلىق
330. كەلگۈسى بۇرخانلار؛ يام تەڭرى
231. يېرىدە ئورۇن تۇتقان
232. تەڭرىلەر، ئوتتۇز ئۈچ تەڭرى يې-
233. رىدە پائالىيەت قىلىدىغان قۇدرەتلىكلەر (تەڭرىلەر)؛
234. تۆت ماھاراجالار يېرىدىكى
235. ئالەم - دۇنيانى قوغدىغۇ-
236. چىلار قاتارلىق تەڭرى-
237. لەرنىڭ جامائەتلىرى؛ يەر، سۇ، ئوت،
238. شامال تەڭرىلىرى، سۇمىر (سۇمېرۇ) تاغقا
239. تىرەك بولغانلار؛ يەتتە ئالتۇنلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

240. تاغ ئىچىدە، ئورۇن - جاي تۇتقان-
241. لار؛ پۇرناباتىرى، پانچاسىكى، كۇن،
242. ئاي، سەييارە - يۇلتۇزلار؛ قاتارلىق
243. بارلىق تەڭرىلەرنىڭ جامائەت-
244. لىرى بۇ دۇنيانى قوغداپ، تىنچ-
245. خاتىرجەم قىلسۇن. بۇلار -
246. بارلىق تەڭرىلەر، ئالىيجاناپ، مۇلايىم
247. ئىلاھلار خالىمايدۇ قىلىش-
248. نى گۇناھ ئىشلارنى. تەڭرى

VIII. 7b. 510

249. بۇرخاننى ھۆرمەتلىگۈچى بۇتىماتا
250. ئاتلىق ئۇماي (ۋە ئۇنىڭ) بەشيۈز
251. ئوغلى ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك
252. ئوغلى(نى) ؛ يەنە تەڭرىلەرنى،
253. ئەجدىھالارنى، جىنلار جامائىتىنى،
254. يەنە (ئۇلار بىلەن) بىرلىكتە گانتارۋىلار
255. جامائىتىنى، ئاسۇرىلارنى؛ يەنە
256. شۇنداقلا كىنارىلارنى قوللىغۇ-
چىلارنى، ھەم كىشى ھەم كىشى ئەمەس
258. جامائەتنى، چوڭ (ھەم) ئۇزۇن تەن-
259. لىك ماخوراگىلار قاتارلىقلارنى؛
260. شۇنداق قىلىپ ئەمدى ئۇلارنى تەڭرىلەر تەڭرى-
261. سى بۇرخاننىڭ كۈچى بىلەن،
262. (ئۇلارنىڭ) ھەممىسىنى - بارچىسىنى ھۆرمەت بىلەن
263. چاقىرىمەن. (ئۇلار) مېھرىبان كۆڭۈل
264. كۈچى بىلەن تىلىكىم بويىچە (تۆۋەنگە) چۈش-
265. سۇن، (ھەممىسى) بىرلىكتە ماڭا بەرسۇن
266. تۇسالغۇسىز كاتتا ناتىقلىق (قابىلىيىتىنى).
267. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان (ۋە)
268. ئوچۇق - ئېنىق كۆرەلەيدىغانلار (بىلىدىغانلار)
269. قانچىلىك بار بولسا؛ (ئۇلاردىن) تىلەي-
270. مەن: ئۇلار ئاجايىپ كۈچلىرى-
271. نى چىقارسۇن (ۋە ھەممىسى) بىرلىكتە ماڭا
272. بەرسۇن تۇسالغۇسىز كاتتا
273. VIII. 8a. 511
274. ناتىقلىق (قابىلىيىتىنى). كۆك ئاسمان ئىچىدە (ئاستىدا)
275. پائالىيەت قىلىدىغان، پۇتۇنلەي سانسارغا

276. چۆككەن؛ بارلىق تىرىكلەر قوۋملىرى، (يەنى) ئۆلارنىڭ ھەممىسى
277. ئېرىشسۈن ناتىقلىق قابىلىيىتىگە. ئۆتۈنگەن - سورىغان
278. تىلىكىمنى باشقىچە - غەيرى قىلمىسۇن
279. دەپ مۇشۇنداق ئۆتۈنۈش كېرەك.»
280. (ساراسۋاتى) تەڭرى قىزى كوندىنى براھماننىڭ
281. بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مۇنداق
282. دېدى: «ياخشى - ياخشى! ئەي براھمان، ئەگەر
283. قايسى جانلىقلار سەن سۆز-
284. لىگەن دارىنىنى (ۋە) دارىندىكى مەدھىيە-
285. لەرنى ئېغىزلىرىدىن چۇشۇرمەي، (بۇددا) نومى
286. (ۋە) قائىدىسى بويىچە ئۈچ گۆھەرگە ئىشىنىپ،
287. سۇزۇك - سەممىمى نىيەت تۇرغۇزۇپ،
288. توغرا ئوي - نىيەت بىلەن بۇ گۆھەر نومنى
289. ئوقۇپ، دارىنىلارنى سۆزلەپ، (ئاندىن) ھەر
290. قانداق تىلەك تىلىسە،
291. ھەممە (تىلىكى) قانىدۇ - ئورۇنلىنىدۇ.
292. ئۇنداق تىلەك يوقكى قانمايدىغان-
293. ئەمەلگە ئاشمايدىغان، ئېرى كەتكۈزسىلا
294. (ئۈچ گۆھەرگە) ئىلاسىز نىيەتنى».
295. ئاندىن تەڭرىلەر تەڭرىسى

VIII. 8b. 512

296. بۇرخان ساراسۋاتى تەڭرى قىزىغا
297. مۇنداق دېدى: «ياخشى - ياخشى!
298. ئەي ئالىيجاناپ تەڭرى قىزى،
299. سەن بۇ گۆھەر نومنى
300. كېڭەيتىش - يېيىش (كەڭ تارقىتىش)، ئاسراپ - قوغداپ
301. ساقلاش، يەنە بارلىق
302. جانلىقلار پەرزەنتلىرىنى تىنچ - خاتىرجەم
303. قىلىش، شۇنداقلا ناتىقلىق قابىلىيىتى-
304. نى نوم سەدىقىسى (قىلىپ) بېرىش توغرۇلۇق
305. ئويلاپ - سۆزلەپ، ئاجايىپ ئۇلۇغ
306. ياخشى ئىش قىلدىڭ - (ساۋاپقا) ئېرىش-
307. تىڭ. كىمكى يەنە مۇشۇنداق
308. نىيەت تۇرغۇزسا، شۇ ھامان
309. (سانساردىن) قۇتۇلىدىغان ياخشى نەتىجىگە - ئاقىۋەت
310. كە ئېرىشكەي».

كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com



# 《金光明最胜王经》卷第八大辩才天女品第十五之二

尔时憍陈如婆罗门说上赞欢及呪赞法赞辩才天女已告诸大众仁等若欲请辩才天女哀愍加护于现世中得无碍聪明大智巧妙言词博综奇才论议文饰随意成就无凝滞者应当如是至诚段重而请如言

南谟佛施也南谟達摩也南谟僧伽也南谟诸菩萨众独觉声闻一切贤圣过去现在十方诸佛悉皆已习真实之语能随顺说当机实语无虚诳语已于无量俱胝大劫常说实语有实语者悉皆随喜以不妄语故出广长舌能覆于面覆赡部洲及四大天下能覆一千二千三千世界普覆十方世界圆满周遍不可思议能除一切烦恼炎热敬礼敬礼一切诸佛如是舌相愿我某甲皆得成就微妙辩才至心归命

敬礼诸佛妙辩才　　诸大菩萨妙辩才
独觉圣者妙辩才　　四向四果妙辩才
四圣谛语妙辩才　　正行正见妙辩才
梵众诸仙妙辩才　　大天乌摩妙辩才
塞建施天妙辩才　　摩那斯王妙辩才
聪明夜天妙辩才　　四大天王妙辩才
善住天子妙辩才　　金刚密主妙辩才
吠率恕天妙辩才　　毗摩天女妙辩才
侍数天神妙辩才　　室口利天女妙辩才
室利未多妙辩才　　西益哩言词妙辩才
诸母大母妙辩才　　诃哩底母妙辩才
诸药叉神妙辩才　　十方诸王妙辩才
所有胜业资助我　　令得无穷妙辩才
敬礼无欺诳　敬礼解脱者　敬礼离欲人
敬礼捨缠盖　敬礼心清净　敬礼光明者
敬礼真实语　敬礼无尘习　敬礼依胜义
敬礼大众生　敬礼辩才天　令我词无碍
愿我所求事　皆急速成就　无病常安隐
寿命得延长　善解诸明呪　勤修菩提道
广饶益群生　求必愿早遂　我说真实语
我说无诳语　天女妙辩才　令我得成就
惟愿天女来　令我语无滞　速入身口内
聪明足辩才　愿令我舌根　当得如来辩
由彼语威力　调伏诸众生　我所出语时
随事皆成就　闻者生恭敬　所作不唐捐
若我求辩才　事不成就者　天女之实语
皆患成虚妄　有作无间罪　佛语令调伏

及以阿罗汉 所有报恩语 舍利子目连
世尊众第一 斯等真实语 愿我皆成就
我令皆召请 佛之身闻众 皆扰速来至
成就我求心 所求真实语 皆愿无虚诳
上从色究竟 及以净居天 大梵及梵辅
一切梵王众 及至遍三千 索诃世界主
并及诸眷属 我令皆请召 惟愿降慈悲
哀怜同摄受 他化自在天 及以乐变化
睹史多天众 慈氏当成佛 夜摩诸天众
及三十三天 四大王众天 一切诸天众
地水火风神 依妙高山住 七海山神众
所有诸眷属 满财及五顶 日月诸星辰
如是诸天从 令世间安隐 斯等诸天神
不乐作罪业 敬礼鬼子母 及最小爱儿
天龙药叉众 乾闼阿苏罗 及以紧那罗
莫叵呼洛伽寻 我以世尊力 悉皆申请召
愿降慈悲心 与我无碍辩 一切人天众
能了他心者 皆愿加神力 与我妙辩才
及至尽虚空 周遍于法界 所有含生类
与我妙辩才

尔时辩才天女闻是请已告婆罗门言善哉大士若有男子女人能依如是呪及呪赞如前所说受持法式归敬三宝虔心正念于所求事皆不唐捐兼复受持读诵育此金光明微妙经典所愿求者无不果遂速得成就除不至心婆罗门深心欢喜合掌顶受尔时佛告辩才天女善哉善哉女天汝能流布是妙经王拥护所有受持经者及能利益一切众生令得安尔说如是法施与辩才不可思议得福无量诸发心者速趣菩提

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «بۇددا نۇرى چوڭ لۇغىتى» (佛光大辞典)، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى تەيۋەن بۇددا نۇر تېغى نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل 6 - ئايدىكى 5 - قېتىملىق نەشرىگە ئاساسەن، فوتوغا ئېلىپ باسقان (7 توم + 1 توم ئىندېكس).

2. «بۇددىزمشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى» (《佛学大辞典》)، دىڭ فۇباۋ تۈزگەن)، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1984 - يىل.

3. چېن بىڭ تۈزگەن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇددىزم لۇغىتى»، جۇڭگو دۇنيا تىللى نەشرىياتى، 1994 - يىل.

4. رېن جىيۇ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «دىنلار لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1981 - يىل.

5. **L. Hodous, W. E. Soothill**: «خەنزۇچە بۇددىزم ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (**A Dictionary fo Chinese Buddhist Terms**)، لوندون، 1937 - يىل.

6. Sir G. Clauson «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» (An Etymo logical Dictionary of pre—Thirteenth—cen—tury Turkish)، ئوكسفورد، 1972 - يىل.

7. «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» (رۇسچە)، لېنىنگراد، 1969 - يىل.

8. ئا. ۋون گاباىن «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» (Alttürkische Grammatik)، لايپتسىگ، 1950 - يىل.

9. Klaus Röhrborn «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىلۇغىتى» (Uigurisches Wörterbuch)، 1 - 4 - كىتاب، ۋىسبادىن، 1977 - 1988 - يىللار.

10. «سۆز دېڭىزى» (كىچىكلىتىپ بېسىلغان نۇسخا)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1980 - يىل.

11. ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت›» I، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل.

12. «خەنزۇچە بۇددىزىم ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (W. E. Soothill and L. Hodous: "Dictionary fo chinese Buddhist Terms" 1937, London)

13. پ. تسىمې «ۋىمالاكىرتىنىر دىشاسۇترا» (P. ZIEME: "Vimalakirti — nirde'sasūtra" 2000, BREPOLS)

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ش ئۇ ئا ر مۇزېيى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق



TURPANOLOGICAL RESEARCH
ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدىكى قوشما جۈملە تىپلىرىغا تەھلىل

تۇرسۇن ئايۇپ

1893 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دانىيە ئالىمى ۋىلھېلم تومسېن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى يېشىپ، ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، تومسېن، رادلوف قاتارلىق غەرب ئالىملىرى بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلارنى ئارقا - ئارقىدىن تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. ئېلان قىلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالىملارنىڭ بۇ يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گرامماتىكىسىغا بېغىشلانغان تەتقىقاتمۇ چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، دەسلەپتە بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر، كېيىن ئاشۇ ئىلمىي ماقالىلەر ئاساسىدا، يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گرامماتىكىسىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. م. ناسىلوۋنىڭ «ئورقۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ تىلى» (1960 - يىل)، تۈركىيە ئالىمى تالات تېكىننىڭ «ئورقۇن تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» (1968 - يىل)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ن. كونونوۋنىڭ «7 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» (1980 - يىل) قاتارلىقلارمۇ شۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ دۇردانىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئېلىمىز ئالىملىرىمۇ غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە قارىتا تەپسىلىي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئېلىمىزنىڭ داڭدار تۈركولوگى گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ شاگىرتى دوكتور ئابدۇرېشىت ياقۇپ بىلەن يازغان «ئورقۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى تىلى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن مەخسۇس ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ نەشردىن چىقىشى ئېلىمىز تۈركىي تىلشۇناسلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

لېكىن، شۇنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ئالىملارنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گرامماتىكىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ياكى ئىلمىي ماقالىلىرىدە بولسۇن سىنتاكسىسقا، بولۇپمۇ قوشما جۈملە تىپلىرىغا بولغان تەسۋىر ۋە تەتقىقاتتا تازا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەندەك قىلىدۇ.

قوشما جۈملە تىپلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەسۋىرلەش ئورقۇن - يېنسەي يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ئەتراپلىق بايان قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللاردىكى قوشما جۈملە تىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يورىتىشتىمۇ

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن بۇ ماقالەمدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇشۇ جەھەتتە يىغقان ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدىكى قوشما جۈملە تىپلىرىغا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، كەسىپداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدىكى قوشما جۈملىلەر ئالدى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر- بىرى بىلەن باغلىغۇچىلارسىزمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ، باغلىغۇچىلار ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەرنى باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر: بۇ تىپتىكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملە باغلىغۇچىسىزلا، بىر - بىرى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

① “qiɤany boduniɤ bay ķiltim, az boduniɤ əküx ķiltim” («كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، جەنۇبىي يۈزى، 10 - قۇر)

”يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم“.

② “bir tabilķu yüz bolti, yüz tabilķu ming bolti, ming tabilķu tümən bolti tir”. («ئىرق بىتىگ»، 48 — 49 - قۇرلار)

”بىر تېۋىلغا يۈز بولدى، يۈز تېۋىلغا مىڭ بولدى، مىڭ تېۋىلغا تۈمەن بولدى دېگۈدەكمىشمەن“.

③ “tərt bulung ķop yaɤi ərmis, sü süləpən tərt bulungdaķi bodunuɤ almis, ķop baz ķilmis, baxliɤiɤ yüküntürmis, tizligig səkürmis”. («كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي يۈزى، 2 - قۇر)

”تۆت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا دۈشمەن ئىكەن، قوشۇن چىقىرىپ تۆت ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ، بېشى بارلىرىنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ“.

يۇقىرىقى ① مىسالدا ئىككى جۈملە، ② مىسالدا ئۈچ جۈملە، ③ مىسالدا بەش جۈملە باغلىغۇچىلارسىز ھالدا تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كەتكەن.

2) باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەر:

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدا يەنە yəmə (يەنە، مۇ) ta (مۇ) قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى جۈملە تىپلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن،

①“bilgə ķaɤan ərmis, alp ķaɤan ərmis, buyruķi yəmə bilgə ərmis ərinq, alp ərmis ərinq, bəgləri yəmə boduni yəmə tüz ərmis”. («كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى، 3 - قۇر)

”ئۇلار دانا خاقان ئىكەن، باتۇر خاقان ئىكەن، بۇيرۇق (ئەمەلدار) لىرىمۇ دانا ئىكەنمىش، بەگلىرىمۇ، خەلقلىرىمۇ سادىق ئىكەنمىش“

②“anta kisrə inisi ķaɤan bolmis ərinq, oɤli ta ķaɤan bolmis ərinq”. (يۇقىرىقىدەك 5 - قۇر)

”ئاندىن كېيىن ئىنىسى خاقان بولۇپتىمىش، ئوغلىمۇ خاقان بولۇپتىمىش“

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ① تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئۈچىنچى ۋە بەشىنچى جۈملە *yəmə*

باغلىغۇچىسى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى جۈملىلەر بىلەن باغلانغان بولسا، ② تەڭداش مۇناسىۋەتلىك قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئىككىنچى جۈملە *ta* دېگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق بىرىنچى جۈملە بىلەن باغلانغان.

## 2. بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر

بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەردە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق جۈملە ئىچىدىكى بىر ياكى بىر قانچە جۈملە باشقا بىر جۈملىگە بېقىنىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوش جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق جۈملىدە، بېقىندۇرغۇچى، ئېنىقلانغۇچى، تولۇقلانغۇچى جۈملە — باش جۈملە، بېقىنغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، تولۇقلىغۇچى جۈملە تارماق جۈملە بولىدۇ.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدا تۆۋەندىكىدەك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى جۈملە تىپلىرى كۆرۈلىدۇ.

1) شەرت بېقىندا قوشما جۈملە:

بۇ جۈملە تىپىدا شەرت بېقىندىلىق تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى —sər، —sar بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ (دىققەت: قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدا پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسىنىڭ تەۋەلىك ۋە سان پەرقى بولمايدۇ). مەسىلەن،

①"türk ḳaɤan ətükən yix olursar, iltə bung yoḳ" («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، جەنۇبىي يۈزى 3 - قۇر)

"تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسە، ئەلدە قايغۇ بولمايدۇ"

② "toruḳ buḳali səmiz buḳali iraḳta büngsər, səmiz buḳa toruḳ buḳa tiyin bilməz ərmis". («تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 5 - 6 - قۇرلار)

"ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا ئۇسۇشسە، سېمىز بۇقا بىلەن ئورۇق بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ"

③"iltəris ḳaɤan ḳazɤanmasar, yoḳ ərti ərsər, bən əzüm bilgə tonyuḳuḳ ḳazɤanmasar, yoḳ ərti ərsər, ḳapaɤan ḳaɤan, türk sir bodun yirintə, bod yəmə bodun yəmə, kisi yəmə idi yoḳ ərtəqi ərti". («يۇقىرىقىغا ئوخشاش 59-، 60-قۇرلار)

"ئېلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇ يوق بولغان بولسا، مەن ئۆزۈم — بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، يوق بولغان بولسام، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا ئادەممۇ، خەلقمۇبولمىغانبولاتتى"

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى ①، ② قوشما جۈملىدە، شەرت بېقىندا تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، باش جۈملە بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. ③ قوشما جۈملىدە بەش جۈملە بولۇپ، ئالدىنقى تۆت جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، تەڭداش ھالدا بەشىنچى، يەنى باش جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن.

2) سەۋەب بېقىندا قوشما جۈملە: بۇ جۈملە تىپىدا تارماق بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدا üqün (ئۈچۈن) كېلىدۇ. مەسىلەن،

① "təngri küq bərdük üqün, ḳangim ḳaɤan süsi bəri təg ərmis, yaɤisi ḳony təg ərmis". («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي يۈزى 12 - قۇر)

"تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك ئىكەن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەكئىكەن"

② "tay bilgə tutuḳ yablaḳin üqün, bir əki atliɤ yablaḳin üqün, ḳara bodunim əlting yətding". («بايانچور مەڭگۈ تېشى» 17 - قۇر)

"تاي بىلگە تۇتۇق ئەسكى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر، ئىككى باشلىق ئەسكى بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئاددىي خەلقىم — سىلەر ھالاك بولدۇڭلار"

③ "təngri yarliḳaduḳ üqün, mən ḳaz—ɤanduḳ üqün, türk bodun ḳazɤanmix

TURPANOLOGICAL RESEARCH

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ərinq". («بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ،
شەرقىي يۈزى 33 - قۇر)
تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن
تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، تۈرك خەلقى غەلىبە
قازاندى.
يۇقىرىقى مىساللاردا ① قوشما جۈملىدە
بىر، ②، ③ قوشما جۈملىدە ئىككى تارماق
جۈملە üqün ئارقىلىق باش جۈملە بىلەن باغ-
لانغان.
3) مەقسەت بېقىندا قوشما جۈملە: بۇ
جۈملە تېپىدا بېقىندا جۈملىنىڭ ئاخىرىدا tip
(دەپ)، tiyin (~təyin) (دەپ، ھېساب-
لاپ) كېلىدۇ. مەسىلەن،
① "yadaɣ yawiz bolti tip, alɣali kəlti".
(«بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ، شەرقىي يۈ-
زى 32 - قۇر»
"ئۇلار (بىزنى) ياياق ۋە يامان ئەھۋالدا
قالدى دەپ، (ئەسىرگە) ئالغىلى كەلدى"
② "ⱪangimiz əqimiz ⱪazɣanmix bodun ati küsi
yoⱪ bolmazun tiyin, türk bodun üqün tün
udimadim, küntüz olurmadim". («كۈلتې-
گىن مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى، 26 -،
27 - قۇرلار)
"ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلق-
لەرنىڭ ئاتاق - ئابرۇيى يوقاپ كەتمىسۇن
دەپ، تۈرك خەلقى ئۈچۈن كېچىلىرى ئۇخ-
لىمىدىم، كۈندۈزلىرى ئولتۇرمىدىم (ئارام
ئالمىدىم)"
4) ۋاقىت بېقىندا قوشما جۈملە: بۇ
جۈملە تېپىدا، تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى
پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى —/tuⱪ—
duⱪ نىڭ ئورۇن ۋە يۆنىلىش كېلىشتە تۈر-
لەنگەن شەكلىدە ياكى مەقسەت ھال پېئىل
قوشۇمچىلىرى—gəli/—ⱪali/—ɣali/—ⱪali
لار بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىدە كېلىدۇ ۋە
ياكى بېقىندا جۈملە ئاخىرىدا ərikli
(ۋاقىتتا، پەيتتە) كېلىدۇ. مەسىلەن،
① "üzə kək təngri asra yaɣiz yər
ⱪilinduⱪta, əkin ara kixi oɣli ⱪilinmis".
(«كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ، شەرقىي يۈزى
1 - قۇر)
"ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن
ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا،
ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارد-
تىلىپتۇ"
② "ⱪangim ⱪaɣan uqduⱪta, inim kül
tigin yiti yaxta ⱪalti". («كۈلتېگىن مەڭ-
گۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 30 - قۇر)
"ئاتام خاقان قازا تاپقاندا، ئىنىم كۈل-
تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى"
③ "olurduⱪuma, əltəqiqə saⱪiniɣma
türk bəglər bodun əgirip səbinip
toⱪtamix kəzi yəgəri kərti". («بىلگە خا-
قان مەڭگۈ تېشى» ، شەرقىي يۈزى 2 - قۇر)
"مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا، ئۆلگۈ-
دەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە
خەلقى شادلىنىپ - سۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ جاذ-
سىز كۆزلىرىگە جان كىردى"
④ "anqa olurur ərikli, oɣuzdantan kərüg kəlti".
(«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ، 8 - قۇر)
"شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلار-
دىن چارلىغۇچى كەلدى"
⑤ "türk bodun ⱪilinɣali, türk ⱪaɣan
olurɣali, santung baliⱪⱪa taluy əgüzkə
təgmisi yoⱪ ərti". («يۇقىرىقىغا ئوخشاش
18 - قۇر)
"تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن بۇيان،
تۈرك خاقانى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان،
سەندۇڭ[1] شەھەرلىرىگە، دەريا - دېڭىزلار-
غا تېگىپ باقمىغانىدى"
يۇقىرىقى مىساللاردا ①، ② قوشما
جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى
پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى —/tuⱪ—
duⱪ ئورۇن كېلىشتە تۈرلەنگەن شەكلى ئار-
قىلىق، ③ قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملى-
سى يەنە شۇ سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىنىڭ يۆ-
نىلىش كېلىشتە تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق
باش جۈملىگە بېقىنىپ كەلگەن بولسا ④

① بۇ يەردىكى سەندۇڭ، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنى كۆرسەتمەيدۇ، قەدىمدە تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملە ərikli — ئارقىلىق، ⑤ قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملە پېئىلىنىڭ مەقسەت هال پېئىل قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلانغان.

5) مەزمۇن بېقىندا قوشما جۈملە: بۇ جۈملە تىپىدا باش جۈملە، تارماق بېقىندا جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. تارماق بېقىندا جۈملە باش جۈملىدە ol (ئۇ، ئۇنداق)، anqa (شۇنداق، ئاشۇنداق)، andaɤ (شۇنچە، مۇنداق) قاتارلىق ئالماشلار ۋە سانلار بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى ياكى باش جۈملىدە چۈشۈپ قالغان جۈملە بۆلىكىنىڭ مەزمۇننى يېشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

① “barduķ yirdə ədgüg ol ərinq: ķaning subqa yügürti, səngüküng taɤqa yatti, bəgilik uri oɤling ķul bolti, silik ķiz oɤling küng bolti”. («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي يۈزى 24 - قۇر)

”بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن ياخشىلىقىڭلار مۇنداق بولدى، قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى، بەگ بولىدىغان ئوغلۇڭلار قۇل بولدى، پاك (خانىش بولىدىغان) قىزىڭلار دېدەك بولدى“

② “kərüg sabi antaɤ, toķuz oɤuz bodun üzə ķaɤan olurti tir, tabɤaqɤaru ķoni səngünüg idmis, ķitanyɤaru tongra səmig idmis”. («تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 9 - قۇر)

”چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق: توققۇز ئوغۇز (خەلقى) ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قونى سەنگۈننى، قىتانغا توڭراسەمنى ئەۋەتىپتۇ“

③ “sab anqa idmis: azķiya türk bodun yoriyur ərmis, ķaɤani alp, ayɤuqisi bilgə ərmis”. («تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، 9 - 10 - قۇرلار)

” ئۇلارغا مۇنداق خەۋەرنى ئەۋەتىپتۇ؛ ئازغىنا تۈرك خەلقى هەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى دانىشمەن ئىكەن“

④ “üq kərüg kisi kəlti, sabi bir: ķaɤani sü tasiķti, on oķ süsi ķalisiz tasiķti tir”. («يۇقىرىقىدەك 33 - قۇر)

”ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سۆزى ئوخشاش (بىر): ئون ئوق خاقانى قوشۇن چىقىرىپتۇ، ئون ئوق قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي قوزغىلىپتۇ“

⑤ “əzüm saķintim, əd təngri yasar, kisi oɤli əlgəli tərümis”. («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى، 10 - قۇر)

”ئۆزۈم ئويلىدىم، ۋاقىتنى تەڭرى يارىتىدۇ (ياكى ئىنسان ئۆمرىنى تەڭرى بەلگىلەيدۇ)، ئىنسان ئوغلى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرىلىدۇ“

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ① قوشما جۈملىدە، باش جۈملىنىڭ كەينىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن تۆت تارماق جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدا كەلگەن ol نىڭ مەزمۇننى يېشىپ كەلگەن. ② قوشما جۈملىدە، باش جۈملىنىڭ كەينىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئۈچ تارماق جۈملە باش جۈملىدە antaɤ دېگەن ئالماش بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يېشىپ كەلگەن. ③ قوشما جۈملىدە، باش جۈملىنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىككى تارماق جۈملە باش جۈملىدە *anqa* دېگەن ئالماش بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يېشىپ كەلگەن. ④ قوشما جۈملىدە، باش جۈملىنىڭ كەينىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى تارماق جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان *bir* نىڭ مەزمۇننى يېشىپ كەلگەن. ⑤ قوشما جۈملىدە، باش جۈملىنىڭ كەينىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى تارماق جۈملە باش جۈملىدە چۈشۈپ قالغان هالىتىنىڭ مەزمۇننى يېشىپ كەلگەن.

## 3. ئارىلاش قوشما جۈملىلەر

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدا، ئارىلاش قوشما جۈملىلەر، يەنى كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەتتە بىردەكىپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى

بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرگە دائىر مىساللارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،

① “*mən iniligü bunqa baxlayu ḳazɣanmasar, türk bodun əltəqi ərti, yoḳ boltaqi ərti*”. («بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» شەرقىي يۈزى 33 - قۇر)

”مەن ئىنىم بىلەن بىرلىكتە مۇشۇنداق باشلامچىلىق قىلىپ تىرىشمىغان بولساق، تۈرك خەلقى ئۆلگەن بولاتتى، يوقالغان بولاتتى“

بۇ ئارىلاشما قوشما جۈملىدە ئۈچ جۈملە بولۇپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ، باش جۈملە بولۇپ كەلگەن، بىرىنچى جۈملە باش جۈملىنىڭ شەرت بىقىندا جۈملىسى بولۇپ كەلگەن. جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق:




② “*anqa saḳintim: kəzdə yax kəlsər, tida, kəngültə sıɣit kəlsər, yanturu saḳintim*”. («كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» شىمالىي يۈزى، 11 - قۇر)

”شۇنداق ئويلىدىم، كۆزۈمگە ياش كەلسە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلسا، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئويلىدىم“

بۇ ئارىلاشما قوشما جۈملە تەركىبىدە جەمئىي بەش جۈملە بولۇپ، بىرىنچى جۈملە ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسى، ئىككىنچى جۈملە شەرت بىقىندا تارماق جۈملە بولۇپ، ئۈچىنچى جۈملىگە بېقىنىپ، بىرىنچى شەرت بىقىندا قوشما جۈملە تىپىنى ھاسىل قىلغان؛ تۆتىنچى جۈملىمۇ شەرت بىقىندا تارماق جۈملە بولۇپ، بەشىنچى جۈملىگە بېقىنىپ، ئىككىنچى شەرت بىقىندا قوشما جۈملە تىپىنى شەكىللەندۈرگەن؛ ئاندىن ئىككى شەرت بىقىندا قوشما جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ، بىرىنچى جۈملىنىڭ مەزمۇن بىقىندا تارماق جۈملىسى بولۇپ كەلگەن. سخېمىلاشتۇرساق، تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:



③ “(1)*türk bodun tok̡irk̡ak̡sən*, (2)*aqsik̡ tosik̡* ɵ*məzsən*, (3)*bir todsar*, (4) *aqsik̡* ɵ*məzsən*, (5) *antaɤingin* üqün, (6) *igidmix k̡aɤaningin sabin almatin*, (7) *yir sayu bardiɤ*, (8)*k̡op anta alk̡intiɤ*, (9)*ariltiɤ*”. («كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» جەنۇبىي يۈزى، 8 - 9 - قۇرلار)

”تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ-توق قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، بىر تويساڭلار ئاچلىقنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئالماي، ھەر تەرەپكە كەتتىڭلار، ئۇ يەردە ھالسىزلاندىڭلار، جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار“

بۇ ئارىلاشما قوشما جۈملىدە جەمئىي توققۇز جۈملە بار، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى سخېمىدىن كۆرۈۋېلىڭ:




(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى مەدەنىيەت فاكۇلتېتى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئى.يۇسۇپ**





uyghurkitap.com



# فرانسىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

19 - ئەسىردىن ئېتىبارەن، بولۇپمۇ
1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كې-
يىن، غەربتىكى بىر مۇنچە كۈچلۈك جاھان-
گىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، تالان -
تاراج قىلىشى ۋە بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز
شەرتنامىلەرنى زورلاپ تېڭىشى بىلەن،
جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، يې-
رىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە
ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق تارىخىي ۋەز-
يەتتىن بەزى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇستىلىق
بىلەن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك بۇلاڭچىلىق ھە-
رىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەر
ھەرقايسى ساھەلەردە جۇملىدىن مەدەنىيەت
ساھەسىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئاتا - بوۋى-
لىرىمىز ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ
يارانقان پارلاق مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى 19-
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ
30 — 40 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا
«چاقىرىلمىغان مېھمانلار» نىڭ سانسىزلىغان
تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ جاي -
جايلىرىغا قاراپ ئېقىپ كەتتى.

ئاتالمىش بىر تۈركۈم چەتئەل ئېكىس-
پېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭ ۋە گەنسۇ رايون-
لىرىدا، جۇملىدىن تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتار-
لىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئې-
لىپ باردى. ئۇلار بۇ جايلاردىن قەدىمكى
ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈرك، مانى، بىراھما،
سۇرىيە، سوغدى، سانسكرىت، خەنزۇ، تى-
بەت، ساك ۋە قىسمەن ئەرەب يېزىقى ئاسا-
سىدىكى ئۇيغۇر - چاغاتاي يېزىقلىرىدا يېزىل-
غان بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل
نۇسخىلىرىنى تاپتى. تارىخىي سەۋەبلەر تۇ-
پەيلىدىن بۇ يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ
كېتىلدى. ئۇلار ھازىر مۇسكۇۋا، سانكىت
- پېتىربورگ، لوندون، بېرلىن، توكيو،
سېئول، خېلسىنكى، ستوكھولم، يېڭى دېھ-
لى، كالكۇتتا، ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ۋە پا-
رىژ قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. چەتئەل-
لەردە ساقلىنىۋاتقان ھەممە يازما يادىكارلىق-
لىرىمىز ئىچىدە فرانسىيىدىكىسى تۈرى ۋە
مەزمۇنىنىڭ موللۇقى جەھەتتە ئالدىنقى ئىك-
كىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يې-
قىنقى 100 يىلدىن بۇيان چەتئەل ئالىملى-
رى گەرچە بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئۈس-
تىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ
تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان
قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق مەملى-
كىتىمىزدىكى، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى كۆپ سانلىق ئالىم - مۇتەخەسسى-
لەرنىڭ بۇ يادىكارلىقلار ۋە ئۇلار ئۈستىدىكى
تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكا-
نىيىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا،
ئۇقۇشماسلىقتىن بەزى ناتوغرا يەكۈنلەر چى-
قىرىلىپ قېلىشتەك قىيىنچىلىقلار كېلىپ
چىقتى.

بۇ ماقالىدە، مۇشۇ خىلدىكى مەسىلى-
لەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ياردىمى بو-
لۇپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن چەت ئەل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋات-
قان، جۇملىدىن فرانسىيە كۇتۇپخانىلىرىدا
ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى-

مىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئوقۇرمەنلەرنى ئاز - تولا خەۋەردار قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە، توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا فرانسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن.

## 1. پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئاساسەن پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر بۆلۈمى بىلەن دۆلەتلىك گۇيمىت ئاسىيا گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيە ئاسىياشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدىمۇ بىر پارچە يازما يادىكارلىقىمىز ساقلانماقتا. فرانسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن فرانسىيىلىك پائول. پېللىئوت (1874 — 1945) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى (1906 — 1909 - يىللىرى) تەرىپىدىن شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق رايونلاردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قىممەتلىك بويۇملاردۇر.

پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان (دۇنخۇاڭ) ھۆججەتلەر ئىچىدە خەنزۇچە 3216 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە 405 پارچە، چاغاتايچە 60 پارچە، سوغدىچە 78 پارچە، سانسكرىتچە 643 پارچە، توخارچە B يېزىقتىكى ھۆججەتتىن 527 پارچە، تىبەتچە 2319 پارچە، قەدىمكى خوتەن ساك يېزىقىدىكى ھۆججەتتىن 66 پارچە، كىدان يېزىقىدىكى ھۆججەتتىن 55 پارچە (398 پارچە فوتو سۈرەت) يازما يادىكارلىق بار.

## 2. فرانسىيە ئاسىياشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىز

قەدىمكى تۈرك، سوغدى ۋە خەنزۇچىدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ ئۈچ خىل تىل - يېزىقىدا پۈتۈلگەن «توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» نىڭ پارچىسى ھازىر فرانسىيە ئاسىياشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مەڭگۈتاشنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا، سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان قىسىملىرى نىسبەتەن ئېغىر ۋەيران بولغان. خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان جايلىرى نىسبەتەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ مەڭگۈ تاشنى روسىيىلىك ئارخېئولوگ يادرىنيوۋ يېتەكچىلىكىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1889 - يىلى مۇڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق (ھازىرقى قارا بالاساغۇن) دىن تاپقاندى. بۇ مەڭگۈ تاش شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانى بوبى قاغان زامانىسى (مىلادىيە 808 — 821) دا ئورنىتىلغان. 1890 - يىلى يەنە ئاشۇ مەڭگۈ تاش تېپىلغان جايدىن شۇ مەڭگۈ تاشنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدىن 12 پارچە تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن چوڭراقلىرىدىن ئۈچ پارچىسى بار. ھازىرغا قەدەر بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ روسىيىدىن قانداق قىلىپ پارىژغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان كىشى يوق. بۇ مەڭگۈ تاشتىكى قەدىمكى تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇر) ۋە سوغدى يېزىقلىرى ئۈستىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ رادلوۋ، ت. خانېدا، مۈللېر، ئۇ. خ. ئاۋسىن، ج. خامېلتون ۋەي. يوسېدالار تەتقىقات ئېلىپ باردى.

## 3. پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلىرىمىز

پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلاردىن تەخمىنەن 408 پارچىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پېللىئوت ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدىكى

TURPANOLOGICAL RESEARCH

موگاۋ غارلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ قوليازمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈپ نومۇر قويۇلغان:

بىرىنچى گۇرۇپپا، پېللىئوت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر 16 — 1

ئىككىنچى گۇرۇپپا، پېللىئوت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر 181؛ 36 — 1؛

ئۈچىنچى گۇرۇپپا، پېللىئوت تىبەت يېزىقىدىكى (ئۇيغۇر يېزىقىدىكى) ھۆججەتلەر 1129؛ 1685؛ 1859؛ 2132؛ 127؛

تۆتىنچى گۇرۇپپا، پېللىئوت خەنزۇچە ھۆججەتلەر 2909؛ 2961؛ 2969؛ 2988؛ 2998؛ 3046؛ 3049؛ 3071؛ 3072؛ 3076؛ 3134؛ 3407؛ 3509؛ 3517 (=پېللىئوت قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى 16)، 4637 (=پېللىئوت قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى 12) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، پېللىئوت سوغدىچە ھۆججەتلىرى 16 قاتارلىقلارمۇ بار.

فرانسىيە دۆلەتلىك گۇيمېت ئاسىيا گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق زور ھەجىملىك نادىر ئەسەرنىڭ 100 ياپراق (200 بەت) تىن كۆپرەك قىسمى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان ياپراقچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ ھەجىم جەھەتتە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى فىڭ جياشېڭ ئەپەندى 1951 - يىلى رەتلەپ ئېلان قىلغان، ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئوخشاش بولمىغان ياكى باشقا جىلد ۋە بۆلۈملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش بىلەن دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ پېتربورگدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ بەزى قىسىملىرىمۇ بولۇپ، ھەجىم ۋە بەت سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تۇگىشىۋا تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. يەنە تۈركىيىدىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدىغان بىر قىسىم جىلد ۋە بۆلۈملىرىنىڭ پارچىسى ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا سان ۋە ھەجىم جەھەتتە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1992 - يىلى گېرمانىيىلىك مەشھۇر توركولوگ كىلوس رۆھربورن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ھازىر پارىژ ۋە بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرىدىن 7 - جىلدنى تەتقىق قىلىپ نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى.

پارىژ دۆلەتلىك ئاسىيا گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقدىكى «كۋائىشىئىم پۇسار»، «سەككىز يۈكمەك» قاتارلىق بىر قانچە يازما يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «كۋائىشىئىم پۇسار» ناملىق ھۆججەتنى ياپونىيىلىك ئالىم بەيچى كاشىي ئەپەندى ئېلان قىلدى.

### 4. فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان چاغاتايچە يادىكارلىقلىرىمىز

فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە خېلى كۆپ ساندا چاغاتايچە قولىيازمىلار ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يۇرتىمىزدىن ۋە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئاز دېگەندىمۇ 10 پارچىدەك ئەسەر شىنجاڭدا يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. پېللىئوت ئەپەندى توپلىغان چاغاتايچە ئەسەرلەر ئىچىدە بىر پارچە قول يازما - تارىخچى، شائىر موللا موسا سايرامى (1836 — 1917) نىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»

ناملىق ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى ۋە 27 بەت-لىك «قىسسىسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق تاش باسما ئەسەر خېلى ياخشى ساقلانغان. يەنە بىر پارچە «تەزكىرەئى ئېرشاد» ناملىق چا-غاتايچە ئەسەر بىردىن بىر نۇسخىدۇر.

فرانسىيە فرانسۇز ئىنىستىتوتى كۇتۇپ-خانىسىدىمۇ چاغاتايچە قولىيازمىلار ساقلىنى-ۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇلارنى دۇترېئىل دىر-نىس ۋە ف. گرېناردلار 1893 - يىلى شىن-جاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن. مەزكۇر كۇتۇپ-خانىنىڭ كاتالوگىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كۇ-تۇپخانىدا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقىدىن 62 پارچە بارلىقى مەلۇم، ئەمەلىيەتتە بولسا 56 پارچە ساقلانماقتا. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 پارچىسى قوللانما (رىسالە) شەكلىدە بىر قىلىپ تۇپلەنگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقان-دا، ئۇلار تەكرارلانغان نۇسخىلار بولۇ-شى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 4533MS—2 نومۇرلۇق «پالنامە» كىتابىمۇ بار.

## 5. فرانسىيە دۆلەتلىك ئاسىيا گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇي-غۇر يېزىقىدىكى تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپ-لىرى

1906 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىئوت ئۆزىنىڭ ئىككى ھەمراھى بىلەن بىرگە پو-يىزغا ئولتۇرۇپ پارىژدىن موسكۋا ئارقىلىق تاشكەنتكە كېلىدۇ. پېللىئوت ئۇ يەردە ئېر-غىر يۇك - تاقىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رۇس تىلىنى پىششىقلايدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەردە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تۇمشۇق ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ قەشقەردە ئۆز پائالىيىتىگە ئالا-قىدار رەسمىيەتلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجى-رىپ بولغاندىن كېيىن قەشقەردىن يەكەنگە، يەكەندىن كۇچارغا كېلىدۇ. كۇچاردا قىزىل مىڭ ئۆي قاتارلىق بۇددا دىنى غارلىرىدا سەككىز ئايدەك پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاندىن تۇرپانغا، تۇرپان ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۇرۇمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، مەلۇم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن ئۇرۇمچىگە سۈرگۈن قىلىنغان، 1900 - يىللىرى بېي-جىڭدا تۇرغان مەزگىلدە تونۇشۇپ قالغان بېيجىڭلىق كونا تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن دۇنخۇاڭدا بىر مەخپىي قەدىمكى كىتابلار ئامبىرى بارلىقىنى ئاڭلاي-دۇ. شۇنىڭ بىلەن، پېللىئوت 1908 - يىلى 3 - ئايدا دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ئۇ يەردە پائالى-يىتىنى باشلايدۇ. ئۇ مەخپىي كىتاب ئامبى-رىنى تاپقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ ياز-دۇ: «مەن راستىنلا داڭ قېتىپ قالدىم، ئۇ يەردىكى قولىيازمىلار 16 — 20 مىڭ پارچە-غىچە كېلەتتى. ئەگەر ھەر بىر توپلامنى (ئورامنى) ئېچىپ ئانچە - مۇنچە تەكشۈرۈش ئۇچۇنلا كەم دېگەندە ئالتە ئاي ۋاقىت كېتەت-تى». ئۇ مۇشۇ جەرياندا قەدىمكى كىتاب ئامبىرىدىن 6000 پارچىدىن ئارتۇق يازما يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەندىن باشقا، قەدىم-كى بىر ئۆڭكۈردىن بىر ياغاچ چېلەككە قا-چىلاقلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا-ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنى تاپقان. 1909 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قولغا چۈشۈرگەن بۇ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ئېلىپ پارىژغا يېتىپ بارىدۇ. پېللىئوت شۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى ھازىر پارىژ دۆلەت-لىك ئاسىيا گۈزەل - سەنئەت گۇيمېت مۇزې-يىدىكى سېپتا ياسالغان بىر سىرىق ياغاچ ئىچىدىكى ئۇچ قەۋەتلىك ياغاچ تاختاي ئۇس-تىگە تىزىپ قويۇلغان. بۇلار جەمئىي 940 تالدەك كېلىدۇ. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، پېللىئوتتىن كېيىن رۇسىيە ئېكسپېدىتسى-

يىپچىلىرى دۇنخۇاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپىدىن 10 تۈمەن تال تاپقان. بۇلار ھازىر سانكىت - پېتېربورگدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ دۇنخۇاڭ - تۇرپان يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا پەقەت ئالتە تاللا بار. ئېلىمىز تەتقىقاتلاردىن چىقىرىلغان يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى پەقەت فونېما ئاساسىدا سۆز ياسىلىدىغان تاۋۇشلۇق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپى ئىكەنلىكى ئېنىق.

1990 - يىلى ئاۋغۇستتا دۇنخۇاڭدا چاقىرىلغان ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: «دۇنخۇاڭ مۇزېيى تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 6 دانە تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ياغاچ مەتبەئە ھەرپ، ئۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تارىخىي تۆھپىسى» دەپ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلدى ھەمدە خەلقئارالىق ئېكىدتىشتىن رەسمىي ئۆتتى.

دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئالتە تال ئۇيغۇرچە تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە پروفېسسور دۇنخۇاڭشۇناس ياڭ فوشۆ ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: بۇ مىراسلارنىڭ دەۋرى ھەققىدە، پىللىئوت بۇنىڭ ساقلانغان ئورنى ۋە باشقا ئامىللارغا ئاساسەن 1300 - يىللىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ دەپ تەھلىل قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاشۇ تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئىشلىتىشتىن قالغانلىقى ۋە پېچەتلىنىپ ساقلانغان يىل چېكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇلغان ھەم ئىشلەتىلگەن يىل دەۋرى جەزمەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇن. ئاددىيسى ۋاڭ جېن 1298 - يىلى تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن كىتاب باسقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولۇشى لازىم. ئۇيغۇرلار دۇنيادا تامغا - ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنى ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغۇچىلار ۋە ئىشلەتكۈچىلەردۇر.

«تارىخ ئوقۇتۇشى» مەجمۇئەسىنىڭ بىرىنچى جىلد 4 - سانىغا بېسىلغان فو يۇخۇەننىڭ «ئەڭ بالدۇرقى جۇڭگو مەتبەئە بويۇمى» دېگەن ماقالىسىدا مەلۇمات بېرىشىچە، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن تۇرپاددىن مەتبەئە بىلەن بېسىلغان بىر قىسىم قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرىدە: «ئىدىقۇت 34 - يىلى... ئائىلىسىدە غالجىر ئىت بار، ئۆتكۈچىلەر ئېھتىيات قىلىشى لازىم» دېگەن سۆزلەر بېسىلغان. تارىخچىلار ئىدىقۇتنىڭ 34 - يىلىنى مىلادىيىنىڭ 594 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ پاكىت ئۇيغۇرلاردا تامغا - ياغاچ مەتبەئەنىڭ 6 - ئەسىردىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىك - نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ ۋە ئۇنى غەرب ئەللىرىگە تارقاتقان، دەپ ئېيتالايمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 6. پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان باشقا يېزىقلاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلىرىمىز

پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە يەنە بىر پارچە تىبەت يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پىل-

لىئوت - تىبەت 1292 دەپ نومۇر قويۇلغان. پېللىئوت ئۇنى «بۇددا دىنىنىڭ ئەھكاملىرى» دەپ ئاتىغان. ئەپسۇسكى، بۇ يادىكارلىقنىڭ پەقەت 45 قۇرلا ساقلىنىپ قالغان. شۇنداقتىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تىبەت يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ يادىكارلىق تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە دىن تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ياپونىيىلىك ئالىم سىنئەن ساۋفۇ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، پارىژدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇن قوش تىللىق ھۆججەتلەر بار، مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن توخار تىلى؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى خوتەن ساك تىلى قاتارلىق تىللار سېلىشتۇرۇلغان لۇغەت خاراكتېرلىك يازما يادىكارلىقلار. ئۇنىڭ ئىچىدە پېللىئوت 2892 دەپ نومۇر قويغان ھۆججەت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى خوتەن ساك تىلىنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلىكى (لۇغىتى) نىڭ پارچىسىدۇر.

پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا يەنە كام دېگەندە تۆت پارچە مانى يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركچە ھۆججەت بىلەن ئىككى پارچە سۇرىيە يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركچە ھۆججەت ساقلانماقتا. ئۇلار تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتتىن ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى ۋە گېرمانىيىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بېرلىن، ماينىز شەھەرلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردىمۇ خېلى كۆپ ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گېرمانىيىلىك ئا. ۋون. لېكوك (1960 — 1930) بىلەن پىترزىمپىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرق پۇللىرى بۆلۈمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈركەش، قاراخان، چاغاتاي قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى پۇللىرى ساقلانماقتا. ئۇلار ئەسلىدە پېللىئوت تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان فرانسىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى، تىل تارىخىنى ۋە تەرجىمە سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن تونۇشىشىمىز جەھەتتە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ گېزىتى» 1990 - يىلى، ئۇيغۇرچە 12 - ئاۋغۇست
2. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى»، 1991 - يىللىق 1 - سان (خەنزۇچە)
3. «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 1990 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى
4. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» بىرىنچى كىتاب 1 - قىسىم
5. «قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىللىق 2 - سان
6. «غەربىي رايون تەتقىقاتى» 1994 - يىللىق 3 - سان (خەنزۇچە)
7. «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى»، 1993 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سانلىرى

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئابلىم قېيۇم**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



# توخرىلارنىڭ كۆچۈش يوللىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر

يۇ.ئا.زادنوپروۋسكىي (روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماددىي مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى)

توخرىلار (ياۋچىلار)، ئۇيسۇنلار ۋە هۇنلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىراق رايونلىرىدا ماكان تۇتقان يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ، ئۇلار پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا ۋە قەدىمكى شەرقنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىللار ئىلگىرى روسىيە ئالىملىرى تۇنجى بولۇپ، هۇنلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلىرىدىن ئەڭ دەسلەپتە قەبرىستانلىقلارنى، كېيىنچە ئولتۇراق ئىزلىرىنى بايقىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، هۇن مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولۇپمۇ دەپنە قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئالاقىدار مول ماتېرىياللار توپلاندى. بۇ ماتېرىياللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش جەريانىدا توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ ئىزلىرىنى بېكىتىشتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. مەن بۇ ماقالىدە پەقەت توخرىلار ئابىدىلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكى هەققىدىلا مۇهاكىمە ئېلىپ بارماقچىمەن. توخرىلارغا بولغان بۇ خىل ئالاهىدە قىزىقىش توخرىلارنىڭ گرېك - باكتېرىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش ۋە كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تىكلىنىشىدە هەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى سەۋەب بولدى.

گرېك - باكتېرىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش تۆۋەندىكى ئىككى ئالىمنىڭ خىزمەتلىرىدىن باشلانغان. يەنى روسىيىلىك ئالىم بايىر كىلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى ئاساسىدا، فرانسىيىلىك جېيگىنىس جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلدى. ئۆتكەن 200 يىل مابەينىدە توخرى - كوشان مەسىلىلىرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ نەشر بۇيۇملىرىنىڭ هەممىسى پەقەتلا تارىخىي ماتېرىياللار، يادنامىلەر ۋە پۇللاردىكى قىسقىچە ماتېرىياللارنىڭ ئىزاهلىرى، شۇنىڭدەك نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى هەققىدىكى تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان. بۇلارنى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قەبرە ئابىدىلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن، يېقىنقى نەشر بۇيۇملىرىدىن بۇ ئابىدىلەر بىلەن توخرىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

بىزنىڭ تەبىرىمىز تۆۋەندىكى ئەڭ ئاساسلىق پەرەزلىرىدىنلا ئىبارەت. 1928 -، 1929 - يىللىرى قىرغىزىستاندىن بايقالغان قەبرىستانلىقلار تولۇق ئاساسقا ئىگە بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا ئۇيسۇن ئابىدىلىرى دەپ بېكىتىلگەن. (ۋايدوۋىسكىي. گىريانوف 1938 - يىلى). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرنوزگىن (1941 - يىلى) ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئابىدىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇيسۇنلارغا يەنە بەزىلىرىنى ساك قەبىلىلىرىگە ۋە توخرىلارغا خاس دەپ قارىغان. بۇ يەكۈن جۇڭگو يىلنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن خەن دەۋرىدىكى بۇ ئۈچ قەبىلىنىڭ سىمرېچ (يەتتەسۇ) رايونىدا بىللە ماكان تۇتقانلىقىنىڭ بىۋاسىتە ئىسپاتىدۇر. كېيىنچە سىمرېچ ۋە تەڭرىتاغ رايونلىرىدا، تىك لەهەتلىك قەبرىلەردىن باشقا يان لەهەتلىك ۋە ئۆڭكۈرسىمان قەبرىلەرمۇ كۆپلەپ بايقالغان. بۇ ئۈچ خىل قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكىللىرىدىمۇ روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ ئۈچ خىل قەبرىنىڭ ياسىلىش شەكلى

بىلەن ئۇيسۇنلار دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگە-
رىكى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 5 - ئەسىر-
لەر) دىكى ئۇلتۇراق ئىزلىرىنىڭ يۇقىرىقى
ئۇچ قەبىلە بىلەن بولغان ماس ھالدىكى مۇنا-
سىۋىتىنى بىرەر ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن
ھۆكۈم قىلالمىدۇق. كۆپ ئادەم بىللە دەپنە
قىلىنغان توپا ئورەكلىك قەبرىلەر يەرلىكتىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، تەبىئىي ھالدا يەر-
لىك ساك قەبىلىلىرىگە ماس كېلىدۇ. بۇ
قەبىلىلەر كېيىنچە ئۇيسۇن قەبىلىلەر ئىتتى-
پاقىغا كىرىپ كەتكەن. (زادنوپرووۋىسكىي
1970 - ۋە 1980 - يىللار) ئاشۇ يان لەھەت-
لىك ۋە ئۆڭكۈرسىمان قەبرىلەرگە دەپنە قى-
لىنغانلارنىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىلىرى
يەنىلا ئايدىڭلاشماي كەلدى.

بۇ ئۇچ خىل قەبرە شەكلى ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئوخشىمىغان
دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، شىمالدا سىمرىچ
ۋە قاراتاغ، جەنۇبتا ئامۇ دەريا ۋە كوپت تاغ
رايونلىرىغىچە بولغان بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە
نەچچە يۈزلىگەن قەبرىستانلىق ئۈستىدە تەت-
قىقات ئېلىپ بېرىلدى. بىر رايون ھەتتا بىر
قەبرىستانلىقتا ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى
قەبرىستانلىقلارنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقى بىر
خىل ئومۇمىي ئەھۋال. بۇ ياۋرو -ئاسىيا
يايلاقلىرىدىكى كۆچمەنلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا
تېخىمۇ تىپىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ
مىللىي تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئېنىقلاشتا قى-
يىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭلاشقا بۇ
خىل ئوخشىمىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ھەر قاي-
سى تارىخىي مەدەنىيەت رايونلىرىدىكى كۆچ-
مەنچى خەلقلەر ئابىدىلىرىنى تەتقىق قىلىش
تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇگۈنگە قەدەر
ئەڭ ئۇنۇملۇك بولغان نەزەرىيىنى ئا. م. ماد-
دېلىشتام ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تاجىكىستاد-
نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى باكتېرىيىدىن بايقال-
غان تولفار قەبرىستانلىقى ۋە باشقا قەبرىس-
تانلىقلاردىكى يان لەھەتلىك قەبرىلەر بىلەن
تۇخرىلارنى باغلىدى. (1968 -، 1978 -،
1984 - يىللار) 1968 - يىلى دۇشەنبىدە
ئۆتكۈزۈلگەن «كوشان دەۋرىدىكى مەركىزىي
ئاسىيا» خەلقئارا سىمفوزىيۇمىدە ئوقۇلغان
ماقالەمدە سىمرىچ، پەرغانە ۋە بۇخارادىن باي-
قالغان يان لەھەتلىك قەبرىستانلىقلار بىلەن
شىمالىي باكتېرىيىدىكى تولغار قەبرىستانلى-
قىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇلار-
نىڭ ياۋچىلارغا خاس (زادنوپرووۋىسكىي
1968 -، 1971 -، 1975 - يىللار) ئىكەن-
لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ نەزەرىيە-
نى قوللانغاندا تۇخرىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى-
دىكى (جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى گەنسۇ ئۆل-
كىسى) قەبرە قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى
(يان لەھەتلىك قەبرىلەر بايقالدىمۇ -يوق؟)
قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش زۆرۈر. ئارىلىقتىكى
رايونلار شەرقىي تۈركىستاندىكى جايلاردىمۇ
شۇنداق بولۇشى كېرەك. جۇڭگو ئارخېئو-
لوگلىرى ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىللاردىن
بېرى تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بۇ خىل ئېنىق-
لاشنى ئېھتىماللىقا ئايلاندۇردى.
(س. س. مىنيايېۋ 1990 - يىللار) ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى يان لەھەتلىك قەبرىلەر ھەققىدە
ئېلان قىلىنغان تۇنجى باياندا تۇۋا ۋە جەنۇ-
بىي سىبىرىيىنىڭ مىنوسىنىسكىي ئويمانلى-
قىدىكى ئىككى ئورۇندىكى قەبرىستانلىق بى-
لەن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى نىڭشيا خۇيزۇ
ئاپتونوم رايونىدىكى داۋ دوڭزى قەبرىستانلى-
قىدىكى يان لەھەتلىك قەبرىلەرنى ئۆزئارا
باغلايدۇ. مەزكۇر ماقالىدە شىنجاڭ سۇ بې-
شىدىكى يان لەھەتلىك قەبرىلەرمۇ تىلغا ئې-
لىنغان. ئالاھىدىلىكى بىر گۇرۇپپىغا خاس
دەپ قارالغان ۋە گەۋدىلىك بولغان ئالاھىدە
قەبرىستانلىقلار يەرلىكلەرگە خاس بولۇپ،
مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2 - ۋە مىلادىيە 1 -
ئەسىرلەردىكى ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ
بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

تەكشۈرۈلگەن قەبرىستانلىقلارنىڭ مىق-
دارىمۇ پەيدىنپەي كۆپىيىپ بارماقتا. كىشى-
نى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى تەڭرىتاغنىڭ شەر-
قىي قىسمىغا جايلاشقان خەن دەۋرىدىكى
كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئابىدىسى بولغان چابغا
3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدۇر. بۇ قەب-
رىستانلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقى ۋە

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان
بولۇپ، خېجىڭ ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېـ
ـتىر كېلىدۇ. («ئارخېئولوگىيە» 1990 ـ
يىللىق 10 ـ سان) ئۇزۇنراق كەلگەن ياغاچ
ساندۇقلۇق توپا ئورەكلىك قەبرىلەرنىڭ تارـ
قىلىشىدا بۇ خىل ياغاچ ساندۇقنىڭ قۇرۇلـ
ـمىسى جەنۇبىي ئورال تاغلىرىدىكى سارمات
قەبىلىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ
كېتىدۇ. توپا ئورەكلىك قەبرىلەر ۋە يان
لەھەتلىك قەبرىلەر ئوخشاشلا مەۋجۇت. كۆپـ
ـلىگەن ئالاھىدىلىكلەر مەسىلەن، يان لەھەت
شۇ قەبرىنىڭ شىمالىي تېمىغا جايلاشقان.
جەسەت شەرقتىن غەربكە يۆنىلىشتە قويۇلغان
ۋە يان لەھەت ئېغىزى كېسەك بىلەن ئېتىلـ
ـگەن. بۇ خىل قەبرىلەر تىپ جەھەتتىن
سىمرىچ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەرغانە ۋادىـ
ـسىدىكى قەبرىستانلىقلارغا ئوخشىشىپ كېـ
ـتىدۇ. پەرغانىدىكى خانقىز قەبرىستانلىقىـ
ـدىكى قەبرىلەرنىڭ تەكشىلىك كەسمە يۈزى
خەرىتىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ روـ
ـشەن ئىپادىلىنىدۇ. (گوربونوۋا 1990 ـ
يىل) جۇڭگولۇق ئارخېئولوگلار چابغادىكى
3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى ھۇنلارغا خاس
دەپ بېكىتكەن. ئەمما بۇ قەبرىستانلىق ئالاـ
ـھىدىلىك جەھەتتە تىپىك ھالدىكى ھۇن قەبـ
ـرىستانلىقلىرىدىن پەرقلىنىدۇ (زادنوپروـ
ـۋىسكىي، لۇب ـ لېسنىچېنكو 1992 ـ يىلى).
گەنسۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان
خامورون قەبرىستانلىقىنىڭ تەتقىقات ئەھمىـ
ـيىتى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بۇ رايون
ئادەتتە تۇخرىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولـ
ـغان رايونلىرى دەپ قارىلىۋاتقان جاينىڭ نەق
ئۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. («ئارخېئولوـ
ـگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 ـ يىللىق 2
ـ سان) بۇ قەبرىستانلىقتىكى 18 قەبرە ئىچىـ
ـدىن 12 يان لەھەتلىك قەبرە بايقالغان. قەبـ
ـرىلەر چوڭ مەنىدىن ئالغاندا جەنۇبتىن شىـ
ـمالغا يۆنىلىشتە جەسەتنىڭ بېشى شىمالغا
قىلىنىپ تۈپتۈز ياتقۇزۇلغان. يان لەھەت
قەبرىنىڭ غەربىي تېمىغا جايلاشقان. قەبرە
ئاغزى ياغاچ بادرالار بىلەن ئېتىلگەن. نەـ
ـزىرلىك بۇيۇملىرىدىن (كالا، ئات ۋە
قوي باشلىرى) ھەمدەپنە قىلىنغان. قەبرىسـ
ـتانلىقنىڭ كاربون 14 لىك يىل دەۋرى دائىـ
ـرىسى تەخمىنەن غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋـ
ـرىدىن يىغىلىق دەۋرىگىچە (مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلـ
ـگىرىكى 4 ـ ئەسىرلەر) ئورۇن ۋە دەۋر
جەھەتتىن ئالغاندا جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى
ساجىڭ مەدەنىيىتىنى تۇخرىلارغا خاس دەپ
قارىماقتا. ئەگەر بۇ ئېھتىماللىق يېقىنقى تەتقىـ
ـقاتلار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە ئۇنداقتا
خامادۇن توخرىلار (ياۋچىلار)نىڭ پەيدا بولـ
ـغان جايىدىن بايقالغان تۇنجى قەبرىستانلىق
ھېسابلىنىدۇ. تۇخرىلار ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ
قۇرۇقلۇقىدىكى ئىران تىل سىستېمىسىنىڭ
شەرقىي تارمىقىدىكى خەلقلەر بولۇپ، سكىف
ـ سارماتلار دۇنياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي
تەرىپىگە جايلاشقان. نىڭشىيا تۆكشىدىكى
داۋدۇنزى بىلەن گەنسۇ مىنچىندىكى خامادۇنـ
ـنىڭ تۈز سىزىق ئارىلىقى تەخمىنەن 300
كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇندىكى
يان لەھەتلىك قەبرىلەرنىڭ لايىھىلىنىشى
پرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشاشلىقى ئىگە، ئەمـ
ـما ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشاش تىپتىكى
قەبرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم پەرقـ
ـلەر مەۋجۇت، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئوخشاشماسـ
ـلىقى پەقەت زور مىقداردىكى نەزىرلىك يېـ
ـمەكلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ
شىمالىي قىسمىدىن بايقالغان يان لەھەتلىك
قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت 18 لا بولۇپ،
بۇ سان ھازىرچە تېخى خۇلاسە چىقىرىشقا
ئازلىق قىلىدۇ.
بۇ خىل يان لەھەتلىك قەبرىلەرنىڭ 2 ـ
نۇقتىسى شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىغا
جايلاشقان چابغا قەبرىستانلىقى خامادۇن قەبـ
ـرىستانلىقىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 1500
كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوندىن ھازىرغىچە
يان لەھەتلىك قەبرىلەر بايقالدى. يۇقىرىدا
تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ قەبرىلەر بىلەن
ئەتراپىمىزدىكى سىمرىچ ۋە پەرغانە رايونلىـ
ـرىدىكى قەبرىلەرمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايـ

دۇ. چابغا بىلەن خانقىز قەبرىستانلىقىنىڭ
ئارىلىقى تەخمىنەن1200كىلومېتىر كېلىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېگانە يان لەھەتلىك
قەبرىلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن
3 - ئەسىرلەرگىچە ئارىلىقتا پەيدا بولغان
بولۇپ، گەنسۇدىكى خامادۇن قەبرىستانلىقىد-
دىكى بىر قىسىم قەبرىلەرنى يۇقىرىقىلار بى-
لەن بىر دەۋرگە تەۋە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن 1 -
ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونلىرىدا يان لەھەتلىك قەبرىلەر ھەسسى-
لەپ كۆپەيگەن. سىمرېچ رايونىدا 1960 -
يىلى رويخەتكە ئېلىنغان 370 ئورۇندىكى
قەبرىستانلىق ئىچىدە %80 قەبرىلەر توپا ئو-
رەكلىك قەبرىلەر (ساك قەبرىلىرى)، %17
قەبرىلەر يان لەھەتلىك قەبرىلەر بولغان
(كوشايېۋ 1963 - يىل) ھازىر بۇ يەردىكى
ئېنىقلانغان قەبرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى
كۆپىيىپ بارماقتا. پەرغانە رايونى توغرىسىدا
تېخىمۇ مۇكەممەل ماتېرىياللار بار. ئۇ يەردە
مەن تەتقىق قىلىنغان 80 دىن ئارتۇق قەبى-
رىستانلىقنى رويخەتكە ئالغان. بۇنىڭ ئىچى-
دە 2000غا يېقىن قېزىلغان قەبرىلەر بار.
ئېچىنىشلىقى بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىنتايىن
ئاز بىر قىسمى ئېلان قىلىندى، پەرغانە ۋا-
دىسىدىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ تارقىلىش
ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. يان لەھەتلىك
قەبرىلەر ۋادىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى،
شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسىملىرىدىن
بايقالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر رايونغا
مەركەزلەشكەن، يەنى قىرغىزىستاننىڭ جە-
نۇبىدىكى لەيلياق - ئىسغارا سوغا تۇتىشىدى-
غان جايغا جايلاشقان. ئۇ يەردىن ھازىرغىچە
300 دىن ئارتۇق يان لەھەتلىك قەبرىلەر
بايقالدى. (مۇشۇ رايوندىن بايقالغان قېزىۋې-
لىنغان قەبرىلەرنىڭ %73نى ئىگىلەيدۇ).
بۇ قەبرىلەرنى مۇستەقىل ئارخېئولوگىيىلىك
مەدەنىيەت يەنى باروزدىن تەرىپىدىن تەكشۈ-
رۈلگەن داڭلىق قەبرىستانلىق نامى بىلەن ئا-
تالغان «قارا بۇلاق مەدەنىيىتى»گە كىرگۈ-
زۈشكە بولىدۇ. مەن بۇ بىر يۈرۈش قەبرىس-
تانلىقنىڭ بايقىلىشىنى تۇخرى قەبىلىرىنىڭ
پەرغانە ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن باغ-
لىماقچىمەن.

غەربىي جەنۇبىي رايونلار يەنى زەرەپشان
ۋادىسىدىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئەتراپىدىكى
سوغدىيان رايونىدىمۇ بۇ خىل كۆچمەنلەرنىڭ
ئابىدىلىرى تەتقىق قىلىندى. بۇنى تەتقىق
قىلغۇچىلاردىن ئوبېلچېنكو (1922 - يىلى-
دىن 1954 - يىللارغىچە) بۇ خىل ئابىدىلەر-
نىڭ پەيدا بولۇشىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
2 - ئەسىردىن 1 - ئەسىرلەرگىچە بولغان
ئارىلىقتىكى سارمات قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇ-
زى بىلەن باغلايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قا-
رىغاندا، سارماتلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللان-
غۇچى ئالىملار تەرىپىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە
قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ نەزەرىيىنى
ھازىرغىچە قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. 1968
- يىلى دۇشەنبىدە ئۆتكۈزۈلگەن «كوشانلار
دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» خەلقئارا سىمپو-
زىيۇمىدا مەن بۇ نەزەرىيىگە قارشى پىكىرىم-
نى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ماندېلشتامىمۇ
قارشى پىكىر بەرگەنىدى.

1993 - يىلى بۇخارادا ئۆتكۈزۈلگەن
خەلقئارا سىمپوزىيۇم ۋە 1994 - يىلى ۋول-
گاگىراتتا ئۆتكۈزۈلگەن «سارماتلارنىڭ تارى-
خى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى»
خەلقئارا سىمپوزىيۇمىدىمۇ مەن تەنقىد ۋە تو-
زىتىش پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئو-
بېلچېنكو بۇخارادا، ماندېلشتام شىمالىي
باكتېرىيە رايونىدا يان لەھەتلىك قەبرىلەرنى
قازدى. بۇ ئىككى ئورۇندىن بايقالغان قەبرى-
لەرنىڭ شەكلى دەپنە يوسۇنى ۋە دەپنە بۇيۇم
قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىقلارنى بىر-
دەك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. شىمالىي باك-
تېرىيىدىمۇ تەخمىنەن 500دىن ئارتۇق قەبرە
قېزىلدى. پەرغانە ۋادىسى بىلەن ئامۇ دەريا-
سىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1000 كىلومې-
تىر كېلىدۇ. گەنسۇ بىلەن ئامو دەرياسىنىڭ
ئومۇمىي مۇساپە ئارىلىقى 4000 كىلومې-
تىردىن ئارتۇق. ئافغانىستاندىكى ئامو دەريا-
سىنىڭ سول قىرغىقىدىن تېپىلغان تىللاد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆپە قەبرىستانلىقىدىكى شاهزادە قەبرىسىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى ئالاھىدە بىر مەسىلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۈرگۈچى سارىئانىدى (1989 ـ يىلى) بۇ قەبرىستانلىقنى تۇخرىلارغا خاس دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە باشقا نەزەرىيىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ئېنىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىنتايىن مول بولغان قەبرىستانلىقنى ئادەتتىكى كۆچمەنچى خەلقلەرنىڭ قەبرىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن قىيىن. پازىرىق قەبرىستانلىقى بىلەن ئالتاينىڭ باغلىنىشىدىن كېلىپ چىققان يىل دەۋرى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىشتىن ئاۋۋال، مەن شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، جۇڭگو مەنبەلىرى بىزگە تۇخرىلارنىڭ ھۇنلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا غەربكە كۆچۈپ تۈركىستان (شىنجاڭ) ۋە سىمرىچ ۋادىسىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ، كېيىنچە ئۇلار يەنە سىمرىچ ۋادىسىدا ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى پەرغانە ئارقىلىق باكتېرىيىگە بارغان. ئۇ يەردە ئۇلار گرېك ـ باكتېرىيە بىلەن جەڭلەرگە ھەمدە كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشتىراك قىلغان.

شۇڭا تۇخرىلارنىڭ ئىچكى ئاسىيا رايونلىرىغا كۆچۈشى تارىختا خاتىرىلەنگەن ھەقىقەت. شۇ قېتىمقى كۆچۈش تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 165 ـ يىلدىن 140 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقان. بۇ 25 يىل ئىچىدە (بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۆچۈش مۇساپىسىدە) ئۇلار 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى باسقان. ئاسيۇنلار ئىچكى ئاسىيادىن سىمرىچ ۋادىسىغا كۆچۈپ ئۇ يەردە بىر كۈچلۈك مۇستەقىل دۆلەتنى قۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇخرىلارنىڭ كۆچۈش يوللىرى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ كۆچۈشلىرىدە ئوخشاشلىقلار بار. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇ ئىسپات تۇخرىلار ئابىدىلىرىنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئېنىقلاشنى تولۇق ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تۇخرىلارنىڭ كۆچكەن رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە يەنى ئۇلارنىڭ پەيدا بولغان جايى گەنسۇدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقى، سىمرىچ ۋادىسى، پەرغانە ۋادىسى، زەرەپشان دەريا ۋادىسى ۋە شىمالىي باكتېرىيە قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە يان لەھەتلىك قەبرىلەر بايقالغان. بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ تارقىلىشى تۇخرى قەبىلىلىرىنىڭ ئاسىياغا ئەڭ يىراق رايون بولغان باكتېرىيىگە كۆچۈشى — ئۇ يەردە ماكان تۇتۇش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ۋە پەكسارتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن كېلىپ چىقىشى ئوخشاشمايدىغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى باكتېرىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان (سارمات ئامىللىرىنىڭ زەرەپشان قەبىلىلىرىدە ئەكس ئېتىشى كېيىنكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك) خانقىز ـ ساكارا ۋاكالارمۇ بۇ جەريانغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىملىق لېكسىيىدىلا ئېنىق سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە يان لەھەتلىك قەبرىلەرنىڭ تۇخرىلارغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپاتلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردىم. نۆۋەتتە تۇخرىلارنىڭ ئىزلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا تۇخرى ـ كوشانلار مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

**بۇ ماقالە ئەنگلىيەدە نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا بەدئىي سەنئىتى خەۋەرلىرى»نىڭ 9 ـ سانىدىن، مىي جەنجۇن ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.**

تەرجىمە قىلغۇچى: **پەرىدە سەئىد**

تەھرىرلىگۈچى: **ئابلىم قېيۇم**

TURPANOLOGICAL RESEARCH

# غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك

① نوپچان بەگلىكى (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)
② كروران بەگلىكى (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا)
③ چۇدچان بەگلىكى (ھازىرقى چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا)
④ ئەندىر (كىچىك پەرغانە) بەگلىكى (ھازىرقى چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدا)
⑤ نىيا بەگلىكى (ھازىرقى نىيە ناھىيىسىدە)
⑥ روڭلو بەگلىكى (ھازىرقى نىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تېغى ئارىسىدا)
⑦ ئۇزۇنتات بەگلىكى (ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسىدە)
⑧ توخارا بەگلىكى (ھازىرقى كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)
⑨ ئۇدۇن بەگلىكى (ھازىرقى خوتەن)
⑩ ساكارائۇل بەگلىكى (ھازىرقى يەكەن — قاغىلىق ئەتراپىدا)
⑪ سۇلى بەگلىكى (ھازىرقى قەشقەر)
⑫ سەپەرباي بەگلىكى (ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىدە)
⑬ ئونسۇ بەگلىكى (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسى)
⑭ قۇم بەگلىكى (ھازىرقى ئاقسۇ)
⑮ كۇسەن بەگلىكى (ھازىرقى كۇچا)
⑯ ئۇرۇياپ بەگلىكى (ھازىرقى بۇگۇرنىڭ شەرقىدە)
⑰ چېدىر بەگلىكى (ھازىرقى كورلىنىڭ غەربىدە)
⑱ ۋائىرىيە بەگلىكى (ھازىرقى كورلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)
⑲ ئۇشاق بەگلىكى (ھازىرقى خوشۇت ناھىيىسىدە)
⑳ كىنگىت بەگلىكى (ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ شەرقىدە)
㉑ قۇرۇقتاغ بەگلىكى (ھازىرقى توقسۇننىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇقتاغدا)
㉒ خۇزخور بەگلىكى (ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە)
㉓ قوش بەگلىكى (ھازىرقى تۇرپان قوچودا)
㉔ جامبالىق بەگلىكى (ھازىرقى ئۇرۇمچىنىڭ شىمالىدا)
㉕ پاسئان بەگلىكى (ھازىرقى گۇما ناھىيىسىدە)
㉖ يۈلئېرىق بەگلىكى (ھازىرقى قاغىلىقنىڭ غەربىدە، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدە)
㉗ لىچىخەۋەز بەگلىكى (ھازىرقى پامىر ئېگىزلىكىدە، كىچىك پامىرنىڭ شەرقىدە)
㉘ سارىقول بەگلىكى (ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسىدە)
㉙ سىغناق بەگلىكى (ھازىرقى تاشقورغاننىڭ جەنۇبىدا)
㉚ مالور بەگلىكى (ھازىرقى تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر رايونىدا)
㉛ داردا بەگلىكى (ھازىرقى پامىرنىڭ لاداق تاغ بىلەن ۋاخان دەرياسى ۋادىسىدا)
㉜ ئۇدىيانا بەگلىكى (ھازىرقى كانجۇت رايونى، كەشمىرنىڭ شىمالىدا)
㉝ پەرغانە بەگلىكى (ھازىرقى فەرغانە ئويمانلىقىدا)
㉞ جۇەندۇ بەگلىكى (ھازىرقى ئۇلۇغچاتنىڭ شىمالىي، ئۇلۇغچات ئەتراپىدا)
㉟ ئېركەشتام بەگلىكى (ھازىرقى ئاقتۇنىڭ غەربىي قىسمى، پامىرنىڭ شىمالى)
㊱ دارۋاز بەگلىكى (ھازىرقى فەرغانىنىڭ شەرقىگە يېقىن تاغ رايونىدا)

www.uyghurkitap.com



# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا دائىر ئىككى مەسىلە

قۇربان تۇران

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 840 - يىلىدىكى چوڭ كۆلەملىك كۆچۈشى «ئۇيغۇرلار»نىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ خاتىمىسى ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئەمەس ئىدى». ① دەرۋەقە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى قوچو (قەدىمكى تۇرپان) رايونىدا تۇرۇپ قالدى ۋە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى»نى قۇردى، شۇنداقلا بىزگە بەزى سوئاللارنى قالدۇرۇپ كەتتى: نېمە ئۈچۈن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ بۆلىكى باشقا ئورۇندا ئەمەس دەل مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قالدى؟ ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ دائىرىسى قەيەرگىچە بولغان؟

بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

## 1. 840 - يىلدىن ئىلگىرى، تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تۇرپان رايونىدىكى پائالىيىتى ياكى تەسىرى

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوچو رايونىغا كۆچۈپ كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا پەۋقۇلئاددە سەھىپىلەرنى ئاچتى. ھالبۇكى، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوچو رايونىدا ماكانلىشىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ بىر يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

قوچو رايونىنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېچىلىشقا باشلىغان يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈنلۈك ئورنىنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىنىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنى خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇردى. شۇڭا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قوچو رايونىدىكى پائالىيىتى ۋە تەسىرى توغرۇلۇق سۆز بولغاندا، گەپنى ھونلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ھونلارنىڭ تۈركىي تىللىق قوۋم ياكى موڭغۇل تىللىق قوۋم ئىكەنلىكى ھەققىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. ئەمما، نوپۇزلۇق تارىخشۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمى «ھونلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ، ئۇنى موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە تېڭىشقا بولمايدۇ، دېگەن قاراشنى دەلىللەيدۇ (قاراڭ: خې شىڭلياڭ: «ھون تىلى ھەققىدە تەتقىقات»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىللىق 1 - سان). شۇڭا مۇئەللىپمۇ مۇشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى، باتۇر تەڭرىقۇت ئاتىسى تۈمەننى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، شىمال ئاسىيا رايونىدىكى بىرلىككە كەلگەن يېڭى سىياسىي ۋەزىيەتنى ياراتتى. ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇجەسسەملەشكەن ھونلار دۆلىتى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي بويسۇندۇرۇشلىرى جۈملىسىدە قەدىمكى غەربىي يۇرتنى دىققەتتىن ساقىت قىلمىدى. باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئور-

دىسىغا يوللىغان مەكتۇبىدا: «روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى، ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى، بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»② دېگەنىدى. بولۇپمۇ غەربىي يۇرت خەلقلىرىنىڭنەزىرىدە ئەڭكۈچلۈك سانىلىپ كېلىۋاتقان توخرىلار (大月氏) نىڭ ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىنىشى، توخرىلار خانىنىڭ كاللىسىنى ھونلارنىڭ شاراپ جامى قىلىۋېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى③ غەربىي يۇرتتىكى بويسۇندۇرۇلغان 26 بەگلىكتىن باشقا بەگلىكلەرنىمۇ ساراسىم ۋە قورقۇنچقا سېلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرتنىڭ (بۇ يەردە تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت كۆزدە تۇتۇلىدۇ) شىمالىي قىسمى ھونلارنىڭ ئەركىن يايلايدىغان يايلىقىغا ئايلانغان بولسا، جەنۇبىي قىسمى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئاشلىق بازىسى بولۇپ قالدى. جۇملىدىن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيسۇن بەگلىكىمۇ ھونلارغا قارام بولۇپ قالدى.④ شۇنداق بولغاچقا، غەربىي يۇرتتا «قوللىرىدا تەڭرىقۇتنىڭ بىر پارچە خېتى بار ھون ئەلچىلىرىگە ھەممە دۆلەتلەر ئوزۇق - تۇلۇك يەتكۈزۇپ بېرەتتى، ھەرگىزمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلمايتتى» .⑤ ھونلار غەربىي يۇرتنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، قارام قىلىنغان بۇ رايونغا بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن باتىسقاننى «چاكارلار كاھېبگى» قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان قىلىپ بېكىتتى. چاكارلار كاھېبگى (僮补都尉) دائىم ئاگنى، چوقۇ ۋە كۈنچى بەگلىكلىرى ئارىلىقىدا (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمى) تۇرۇپ، بۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقىغا مەسئۇل بولاتتى.⑥

ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ھەربىي لاۋازىمەت ئارقا سېپى قىلىپ، شىمال ئاسىيادا قۇدرەت تېپىشى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھونلارنىڭ رەقىبلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىش تەقەززاسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قوچو رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى غەربتە پەرغانىگە، شىمالدا ئۇيسۇنلار (ئاسىيۇلار) تېررىتورىيىسىگە بېرىشتىكى ئاساسىي ئۆتكەل بولغان قوچو ھونلارنىڭ مۇھىم ھەربىي بازىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوچونىڭ جوغراپىيىلىك ئورنى ھونلارغا تۇتاش بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان ھونلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى، ھونلار دۆلىتى بىلەن قوش (تۇرپان) بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنداقلا بۇ ۋاقىتتا، ”ھونلار 4000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ، قوش خانلىقىدا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى⑦“ ۋە شۇ ئارقىلىق قوچونىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئۇرۇندى.

ھونلاردىن كېيىن، شىمالىي ئاسىيا يايلىقىدا دەۋر سۈرگەن ئاۋارلار ھاكىمىيىتى مەزگىلى قوچونىڭ تۈركلىشىشىدە بىر يېڭى ئۆرلەش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار دۆلەتنىڭ سىياسىي فونكسىيە ئېھتىياجى يۈزىسىدىن تەبىئىي ھالدا باشقا ئاجىز قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشتى. شۇ قاتاردا بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا تارقاق ۋە چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ياشاۋاتقان قاڭقىللار (高 车) ناھايىتى تېزلا ئاۋارلارغا قارام بولۇپ قالدى. بويسۇندۇرۇلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاڭقىللار كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئادىتى بويىچە ئاۋارلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر باج - خىراج تۆلىشى، سىياسىي جەھەتتە بېقىندى بولۇشى، ھەربىي جەھەتتە ئۆز خىراجىتى بىلەن لەشكىرىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ خىلدىكى مىللىي زۇلۇمنىڭ قاتمۇ قات ئېغىرچىلىقى قاڭقىللارنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىسيان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ خىل قارشىلىقلارنىڭ ئەڭ ۋەكىللىكى مىلادىيە 487 - يىلىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى كوللېكتىپ كۆچۈپ كېتىش بولدى.

مىلادىيە 485 - يىلى ئاۋارلارنىڭ قاغاندىلىق تەختىگە چىققان تولۇن ھەربىي جەھەتتە ئۇرۇش خۇمارلىقنى ئادەت قىلىۋالغان قاغان ئىدى. مىلادىيە 487 - يىلى تولۇن قاغان قوشۇن تارتىپ شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ چېگرىدىكى ئايماق، ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، قاڭقىللار بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلاندى. قاڭقىللارنىڭ پوۋۇزغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر نەۋرە ئىنىسى چوڭچى بىلەن بىللە قول ئاستىدىكى 100 مىڭ ئۆيلۈك قاڭقىل قوۋمىنى باشلاپ، ئاۋارلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش غەرىزىدە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. ئاۋارلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلغان قاڭقىللار قوچو رايونىغا كىرىپ ماكانلاشتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى خانلىق «قاڭقىل ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇرۇپ چىقتى⑧. بۇ قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسى ھېچقانداق ئىختىلاپقا ئىگە ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھەقتە قەدىمكى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلاردۇر. ئۇيغۇرلار ھەمىشە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرىدىغان بولغاچقا ۋېي زامانىسىدا قاڭقىللار (高车) دەپ ئاتالغان، يەنە چىلى، تېلې دەپمۇ ئاتالغان» ⑨. قىسقا ۋە ئېنىق بۇ خاتىرىدىن مۇنداق بىر نەچچە نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇ: بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولغان قاڭقىللارنىڭ قوۋم نامى بولغان 高车 ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋر قاتناش - ترانسپورتىدىكى ئىلغار ۋاستە بولغان «ئېگىز چاقلىق ھارۋا» ياساشقا ۋە ئىشلىتىشكە ماھىرلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان ھەمدە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئومۇملاشقان تۈس ئالغان مەدەنىيەت نامى بولغان (قاراڭ: ئا. ۋون گابائىن «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تۇرمۇش» 25 - رەسىم)؛ ئىككىنچى، ئۇلار «قاڭقىل» دەپ ئاتىلىشتىن سىرت، يەنە «چىلې»، «تېلې» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تېلېلار (چىلېلار) نىڭ قوچو رايونىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ توغرۇلۇق «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يېزىلغان «تېلېلارنىڭ ئۇرۇق - نەسەبى بەكمۇ كۆپ، ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن تاغ - جىلغا بويلاپ سوزۇلغان كەڭرى دائىرىگە ئۇلار يۇلتۇزلاردەك تارقالغان...

ئېۋىرغولنىڭ غەربى، كىنىگىت (ئارسى) نىڭ شىمالىدا، يەنى ئاق تاغ (تەڭرىتاغ) بويىدا قىبئار، بولۇجى، ئەدىز،... ئوغۇز، خېگۇ، يۈنخۇر قاتارلىقلار بار، ئۇلار خىللانغان 20 مىڭ لەشكەرگە ئىگە» ⑩.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قوچو رايونىدا ماكانلىشىش پائالىيىتى ۋە تەسىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئارقىلىقمۇ دەلىللىنىدۇ. تۇرپان شەھىرىنىڭ يالقۇنتاغ تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 480 - يىللارغا تەۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئارىسىدا 《75 TKM90》 نومۇرلۇق قەبرىدىن بايقالغان ئىككى پارچە تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە 《(代)人》 خېتى، ئارقا يۈزىگە سوغدى ھەرپىدە 《kisi》 سۆزى يېزىلغان. 《kisi》 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەم، خوتۇن، چاكار» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. يەنە، شۇ قەبرىدىن چىققان 《75TKM90:20》 نومۇرلۇق خەنزۇچە ھۆججەتتە 《乌胡真》 دېگەن خەتلەر بار. ئۇنىڭدىكى 乌胡 ئىككى خەت قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان «ئوغۇز» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ خەنزۇچە ھېروگلىق بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ ھۆججەتتە يەنە 《提勤》 («تېكىن» نىڭ قەدىمكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى) دېگەن خەنزۇچە خەتمۇ بار. ⑪

يۇقىرىدىكىلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قوچو رايونىغا ماكانلاشقان قاڭقىللار (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمىغان، يەنە مۇئەييەن دەرىجىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. شۇڭا، مەشھۇر تارىخشۇناس گوباۋ ئەپەندى: «مىلادىيە Ⅲ - ئەسىردىن ئىل-

گىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا خېلى نۇرغۇن ساندا ئۇيغۇرلار بولغان، بولۇپمۇ مىلادىيە V ـ ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا زور ساندىكى ئۇيغۇرلار ياشىغان» دەپ كۆرسەتكەنىدى⑫.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا، كۆك تۈركلەرنىڭ يىلتىزى ھەققىدە، قەدىمكى خەنزۇچە مەتبەلەردە خاتىرىلەنگەن بەش تۈرلۈك رىۋايەتنىڭ ئۈستىدە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ قوچو رايونىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياشايدىغان ئايرىم قوۋمدۇر، ئۇلارنىڭ فامىلىسى ئاشىنا. كېيىن تۈركلەرگە قوشنا بولغان ئەل ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن ئاھالىنى قىرىۋەتكەن. ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بىر ئوغۇل قالغاندا، نەۋكەرلەر ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماي، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىۋېتىپ ساسلىققا تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چىشى بۆرە ئۇنىڭغا گۆش ئەكېلىپ بېرىپ يۇرۇپ ئۇنى چوڭ قىلغان. ئۇ بالا چوڭ بولغاندا، بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ، بۆرە ھامىلىدار بولغان. ھېلىقى ئەلنىڭ پادىشاھى ئۇ بالىنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قايتا ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇ ئادەم ھېلىقى بالىنىڭ بۆرىنىڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ بۆرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە قېچىپ قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالغان. بۇ ئۆڭكۈردە قېلىن ئوت ـ چۆپلەر سېلىقلىق بولۇپ، بۆرە بۇ يەردە ئون بالا تۇغقان. . . »⑬.

مەزمۇن جەھەتتە يۇقىرىكى رىۋايەتكە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان، قالغان ئىككى رىۋايەت «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» ۋە «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۈچ رىۋايەتنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما كۆك تۈركلەرنىڭ يىلتىزى بىلەن قەدىمكى قوچو رايونى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. غەربىي تۈرك خانلىقى قوچو رايونىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، كيۇ جەمەتى قوچو خانلىقى ⑭ غەربىي تۈركلەرگە قارام بولغان دەۋردە، «خەنزۇچە خەتنى غۇزچە ئوقۇيدۇ» غانلىقى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن. قوچو ئاھالىسى كيۇ جەمەتى خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 501 — 640 ـ يىللار)گە مەنسۇپ بولغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن تۈركچە «تېكىن»⑮، «ئاپا قاغان»⑯، «تۇدۇن بار»⑰، «ئېركىن شادايىت باغا ئېلتەبىر قوچو بېگى كيۇ باۋماۋ»⑱ (كيۇ باۋماۋنىڭ ھۆرمەت نامى)، «يابغۇ»⑲، «بىلگە قۇنچۇي خان تېكىن»⑳، «بۆرى شاد»㉑، «ئادىز»㉒، «قاتۇن»㉓ قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىبارىلەرنى كۆپلەپ تاپالايمىز. بولۇپمۇ «ئېلتەبىر» ۋە «تۇدۇنبار» ئىبارىلىرى ھەققىدە مەنبەلەردە ئېيتىلغان مۇنۇ مەلۇمات ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ: «غەربىي تۈركلەر. . . غەربىي يۇرتىكى بارچە ئەللەرگە ئېلتەبىر ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يەنە ھەربىر ئەلگە بىردىن تۇدۇن بارنى باج ـ سېلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىدۇ»㉔. غەربىي تۈركلەر كيۇ فامىلىلىك قوچو ھۆكۈمرانلىرىنى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مەسىلەن، «كەيخۇاڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 591 ـ يىلى) تۈركلەر قوچونىڭ تۆت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. . . كيۇجان ۋاپات بولغاندا، ئوغلى كيۇبايار خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. كيۇبايارنىڭ ئانىسى تۈرك قاغانىنىڭ قىزى بولغاچقا، ئاتىسى ئۆلگەندە تۈركلەر ئۇنى تۈركلەرنىڭ ئادىتىگە ئەمەل قىلىش (يەنى ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئادىتى)قا بۇيرۇدى. كيۇبايار ئۇزۇنغىچە كەينىگە تارتىپ تۇرۇۋالدى. ئەمما تۈركلەر قاتتىق قىستاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئىلاجىسىز شۇنداق قىلدى»㉕.

شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر خانلىقلىرى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، بىر مەزگىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكەندىن كېيىن قۇرۇلغان كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى (682 ـ 744) مۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بىلەن بولغان جۇغراپىيىلىك ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي «غەربتە تۆمۈر قاپقىغىچە ۋە يىنچۇ دەرياسىغىچە» يۈرۈش قىلدى.㉖ شۇ قاتاردا باسمىللار (كېيىنكى ۋاقىتلاردا بېشبالىققا كۆچۈپ كەلگەن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولغان «ئىدىقۇت» ئىبارىسى مۇشۇ يەردىكى باسمىل ئاقساقىلىنىڭ «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىدىن كەلگەن) ۋە ئۇلارنىڭ مەركەزلىك تارقالغان جايى بولغان بېشبالىق قايتا بويسۇندۇرۇلدى㉗. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ خانلىقى قۇرۇلۇپ ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، مەركىزى رايوننى قايتا بويسۇندۇرۇش كېيىنگە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ رېئال ئېھتىياجىدىن كۆپ ئارتىپ كەتكەن تاۋارلار (يىپەك، چاي، مەرۋايىت) نى «سوقاق يولى» (يەنى «يىپەك يولى») ㉘ ئارقىلىق تېخىمۇ زور پايدىسىغا ئايلاندۇرۇش ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. بۇ خىل ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە زور بولغاچقا، تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ قوچو رايونىنىڭ شەرق ـ غەرب قاتنىشىدىكى بۇ خىل ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى قولدىن بېرىشنى خالىمىدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىنكاسى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باسمىللارنى «ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى» نىڭ ئونىنچىسى سۈپىتىدە ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىدا ئىپادىلەندى.

كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنىڭ كۈنسېرى يېقىنلىشىپ كېلىشى بىلەن، ئۇلارغا قارام بولۇپ تۇرۇۋاتقان باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قاتارلىق قوۋملار تەدرىجىي ھالدا تۈركلەرگە قارشى ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈردى. «تيەنباۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، تۈركلەردىن باسمىل، ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق ئۈچ قوۋم بىرلىكتە كۆلچۈر يابغۇ (كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى) غا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن باسمىل ئاقساقىلىنى تەختكە چىقىرىپ «ئېلتەرىش قاغان دەپ» ئاتىدى. ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوڭ ـ سول يابغۇلۇققا تەيىن قىلىندى. تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرى قايتىدىن كېڭىشىپ پانكۆل تېكىنىنىڭ ئوغلى ئوزمىشنى قاغان قىلىپ كۆتۈردى. ئوغلى قارا تاي باتىس شادلىققا قويۇلدى. . . »㉙. تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىنغان مۇشۇ قېتىملىق دەسلەپكى ھۇجۇمنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشى، ئەينى ۋاقىتتا جەڭ قىلىش كۈچى ۋە ئىقتىسادىي قۇۋۋەت قاتارلىقلاردا نىسپىي ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان باسمىللارنى تۈركلەرگە قارشى بۇ ئىتتىپاقنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ئېلىپ چىقتى. بېشبالىق باسمىللىرى يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئىتتىپاقنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئاشۇ قېتىملىق ھۇجۇمى توغرىسىدا ئۇيغۇر قاغانى بايان چورنىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاش تېكىستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «. . . ئۆزمىش تېگىن خان بولۇپتۇ. قوي يىلى (743 ـ يىلى) مەن يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى قىلدىم. . . ئۆزمىش تېگىننى . . . تۇتتۇم، خانىشنى ئۇيەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى»㉚. بۇ قېتىمكى ھۇجۇمدا ئۆزمىش قاغاننى چېپىپ تاشلىغان كىشى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «ئۇيغۇر يابغۇسى 逸标苾 دېيىلىدۇ.㉛

كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىلغان 744 ـ يىلى، تۈركلەرگە قارشى بۇ ئىتتىپاق پارچىلاندى «ئۇيغۇرلار قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ باسمىللارغا ھوجۇم قىلدى ۋە ئېلتەرىش قاغانىنى قەتلى قىلدى. ئۇيغۇر ئاقساقىلى كۆل بويلا تەختكە چىقىرىلىپ، قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتالدى»㉜. ئۆز ھامىيلىقىدىكى بىر قوۋمنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزىنى مەغلۇپ قىلىشىنى قوبۇل قىلالمىغان باسمىللار بېشبالىقنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن قەتئىي قارشىلاشتى. بىراق ھەر جەھەتتىن

گۈللىنىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەۋزەل تارىخىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ باسمىللارنى قاتتىق باستۇردى.㉝ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا باسمىللار ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىغا كىرگەن، كېيىنچە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تەنها قېلىپ ئىلاجىسىز ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان قارلۇقلار بىلەن قايتا ئىتتىپاقلاشتى ۋە ئۇيغۇرلارغا يەنە بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ھۇجۇم توغرىسىدا مەڭگۈ تاش تېكىستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قارلۇق، باسمىل... يىغلاپ... چۈشتۇم... باسمىلغا... ئاپا... توسۇلۇپ قاپتۇ... بىلمەس ھەممىسى قېچىپ پىتراپ... مەن سالدىم... زەربە بەردىم... قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى (755 ـ يىلى)... يازلىدىم» ㉞. باسمىللارنىڭ مۇشۇ قېتىملىق بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن بېشبالىق مەركەزلىكىدىكى قوچو رايونى تەبىئىي يوسۇندا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

Ⅶ ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن گۈللىنىشكە يۈز تۇتقان تۆبۈتلەر يۈكسىلىۋاتقان لەشكىرىي كۈچى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك سۆيگىن ئېسيانىنى تىنچىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دۆلەت چېگرىسىغا چولىسى تەگمەيۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي شىمالدىن خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالدى، ئارقىدىنلا غەربكە سۈرۈلۈپ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن يىپەك يولىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بېشبالىق ۋە قوچوغا قىستاپ كەلدى. بىر مەزگىللىك كۈچ سىنىشىشتىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان باسمىللار 790 ـ يىلى تۆبۈتلەرگە شەھەرنى تەقدىم قىلىۋەتتى.

يىپەك يولىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى شاجۇ، گەنجۇ، لياڭجۇ قاتارلىق تۈگۈنلىرىنىڭ تۆبۈتلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىشى، ئارقىدىنلا ئۆزلىرى بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بېشبالىقنىڭ قولدىن كېتىشى، يىپەك يولىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنىڭ ئۆز قولىدا بولغانلىقى ھېسابىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقىنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا گىرىپتار قىلدى. مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى ئېل ئۆگەسى شەخسەن قوشۇن تارتىپ، بېشبالىقنى قايتۇرىۋېلىشقا ئاتلاندى. ئەمما بىرنەچچە قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلدى. ئېل ئۆگەسى ئىلاجىسىز ئۆتۈكەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.㉟ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۇيغۇر بىلگە قاغان (808 — 821 يىللار تەختتە ساھىبى بولغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېڭىباشتىن كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

«توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان خەنزۇچە يېزىقتىكى قىسمىدا، بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، بىلگە قاغان ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قايتۇرۇۋېلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمايۋاتقان بېشبالىقنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز قولىغا ئالغان، ئارقىدىنلا بۇ جايدىكى تۆبۈت قوشۇنلىرىنى جەنۇبقا سۈرۈپ تاشلىغان، جەنۇبقا سۈرۈلگەن تۆبۈتلەر كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، بىلگە قاغان ئىز بېسىپ قوغلاپ، كۇسەننى قولغا كىرگۈزگەن ۋە تۆبۈتلەرنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان.㊱ بۇ قېتىمقى زور كۆلەملىك يىراققا يۈرۈش ئورۇشى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدىكى كىرىزىستا تۇرۇۋاتقان ھەربىي كۈچىنى بەكلا خورىتىۋەتتى، بۇمۇ خانلىقنىڭ 840 ـ يىلىدىكى ھالاكىتىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پان تېكىن باشچىلىقىدىكى زور بىر بۆلىكى ماكانلىشىپ قالغان قوچو رايونىنىڭ 840 - يىلىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، قوچو رايونى تەبىئىي رەۋىشتە قاتتىق مەغلۇپ بولغان ئورقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىلىنىشىدە تاللىۋېلىنغان يېڭى ھاياتلىق ماكانى بولۇپ قالدى. بۇ ھەرگىزمۇ تارىختىكى تاسادىبىيلىق ھادىسىلىرىگە مەنسۇپ ۋەقەلەردىن ئەمەس ئىدى.

## 2. خانلىق چېگرىسىنىڭ دائىرە مەسىلىسى

قەدىمكى جۇڭگو ياكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرا - ھۇدۇدلىرى ھەققىدە ئېنىق ۋە تەپسىلىي مەلۇماتلار يوق. شۇڭا، ئەينى دەۋر سەيياھلىرى ۋە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار بەرگەن ئۇچۇرلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى ئىدىقۇت زېمىنىنىڭ چېگرىسى ھەققىدە مۇنداق بىر مەلۇماتنى قالدۇرىدۇ: «بۇگۇر — كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا» [37]. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ بايانى ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي جەنۇبىي چېگرىنىڭ ھازىرقى بۇگۇر ئەتراپلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز قولى بىلەن ئويغان مەڭگۇ تاش تېكىستىدە، بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالغان بولۇپ، ئەلنىڭ چېگرىسى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «. . . يەتتە كۈندىن كېيىن ئوغۇن تېكىن قازا قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەلدە ئاپەت كۆپىيىپ، ئاۋام پاراكەندىچىلىككە مۇپتىلا بولدى. تەخت ۋارىسلىرى ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار جىياۋجۇغا كۆچۈپ ماكانلاشتى، بۇ ھازىرقى قوچودۇر. ئۇلار بۇ يەردە بېشبالىق رايونىنى ئىدارە قىلدى، ئۇلارنىڭ (ھۆكۈمرانلىقى) شىمالدا ئاشۇ دەرياسى (阿术河) غا، جەنۇبتا جيۇچۇەنگە، شەرقتە ۋۇدۇن، جىياشاغا، غەربتە تۆبۈت دۆلىتىگە يېقىن جايغىچە كېلىدۇ» [38] بۇ خاتىرە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى» دىكى بايان بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش. دېمەك، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» يېزىلغان مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا، ئوردا تارىخشۇناسلىرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» نى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ قويغان. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئىككى پارچە ئوخشاش مەزمۇنلۇق خاتىرە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرى يۈەنچاڭغا كۆچكەن يىللادىكى چېگرا ئەھۋالىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

ئۆز زامانىسىدا قوچوغا كەلگەن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې مۇنداق يازىدۇ: «گاۋچاڭ — شىجۇ ئايمىقىدۇر. ئۇ يەر جەنۇبتا ئۇدۇن بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئەرەبلەر بىلەن، غەربتە ئەنەتكەك بىلەن تۇتىشىدۇ» [39]. بۇ مەنبەدىن مەھمۇت كاشغەرىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان بەزى ئەھۋاللار ئايدىڭلىشىدۇ: خانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىسى ئۇدۇندىن تۆبۈت ئەتراپلىرىغىچە بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ. ۋاڭ يەندېنىڭ «غەربىي جەنۇبتا ئەرەبلەر بىلەن، غەربتە ئەنەتكەك بىلەن تۇتىشىدۇ» دېگىنى توغرا ئەمەس. ئېھتىمال ئۇ ساياھەتكە كەلگەن 982 - يىلىدىكى قاراخانىلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەرەب دۆلىتى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت بۇ مەسىلە ھەققىدىكى يەنە باشقا ئېنىقسىزلىقلارنى يېشىپ بېرىدۇ: «(1) قۇتلۇغ كى ئوت قۇتلۇغ قوين يىل ئىكىنتى ئاي ئۈچ ياڭىقا كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئۇلۇغ (2) قۇت ئورتانمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۈل بىلگە تەڭرى خان (بىمىز؟) . . . خان ئولۇرمىش. ئۆڭتۈن ساچىتۇ (3) كىدىن نۇچ بارسخان - قاتەگى ئىلىنۇ ئەركىسىنۇ يىرلىقا يۇر ئوغۇردا. . . خان. . . تەڭرىكەن. . . ئىل ئۇگەسى ئالپ

تۇتۇغ (4) ئۇگە قۇتلۇغ قوچو ئۇلۇسۇغ باش-
لايۇر ئەركەن. . .

〔يەشمىسى: (1) قۇتلۇغ كى ئوت قۇت-
لۇغ قوي يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى
كۈنى كۈن - ئاي تەڭرىدە قۇت تاپقان ئۇلۇغ
(2) قۇت ئورناشقان، باتۇرلارچە پەزىلەت
بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلغان ئالپ ئارسلان
قۇتلۇغ كۆل بىلگە تەڭرى خانىمىز. . . خان-
لىققا ئولتۇرغان ۋە شەرقتە ساچۇ (沙州)
دىن (3) غەربتە تۇچ، بارسخانغا قەدەر
(بولغان) جايلارغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈز-
گەن زاماندا، . . . خان. . . تەڭرىكەن. .
. ئىل ئۇگەسى ئالپ تۇتۇق (4) ئۇگە قۇت-
لۇق قوچو ئاھالىسىگە يېتەكچىلىك قىل-
غان زاماندا. . . ⑳〕 بۇ ھۆججەتكە ئاساسلان-
غاندا، ئۆز زامانىسىدا خانلىقنىڭ چېگرىسى
شەرقتە شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ) غا يەتكەن
دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. مۇللىر
«نۇچ» نى ئەرەب مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنىد-
غان «نۇگكەنت» بىلەن بىر دەپ ئوتتۇرىغا
قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنى جۇڭگونىڭ غەربىي
تەرىپىدىكى ياشارتىش (يەنى سىر دەرياسىنى
دېمەكچى - ئا) دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغى-
قىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خەنزۇچە مەنبە-
لەردە («بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە سايا-
ھەت خاتىرىسى» نى كۆزدە تۇتىدۇ) 赭赤建
دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ㊶ «يېڭى
تاڭنامە» دە «نۇچ» نىڭ شاش (石国) قا (يە-
نى ھازىرقى تاشكەنت ئەتراپلىرىغا) 200 چا-
قىرىم كېلىدىغان جايدا ئىكەنلىكى قەيت قى-
لىنىدۇ. ㊷.

بارسخان شەھىرى ھەققىدە مەھمۇد
كاشغەرى مۇنداق يازىدۇ: «بارسخان —
ئافراسىيابنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسخان
شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇد-
نىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر
خانىنىڭ بارسخان ئىسىملىك بىر ئات باقارى
بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغان-
لىقتىن ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كې-
يىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان
دېيىشىدۇ» ㊸. مۇئەللىپ بۇ باياندا، بىر
تەرەپتىن بارسخاننىڭ ئاتىسىغا سۈيۈرغال
قىلىپ بېرىلگەن شەھەر ئىكەنلىكىدىن شەپە
بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارسخان شەھىرى-
نىڭ ئىلگىرى «ئۇيغۇر خانى» (يەنى ئىسلام
دىنىغا كىرمىگەن ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خا-
نى) نىڭ يايلىقى بولغانلىقىدەك بىر قەدىمىي
ئۇچۇرنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. X - ئەسىردە
سامانىيلار خانلىقىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇل
ئالەم» دە بولسا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بارسخان
كۆل (ئىسسىقكۆل؟) بويىدىكى بىر شەھەر،
ئاۋات ۋە چىرايلىق ماكان. بۇ يەرنىڭ بېگى
قارلۇقلاردىن، ئەمما ئاھالىسى توققۇز ئو-
غۇزلار (ئۇيغۇرلار) غا سادىق» ㊹.

يۇقىرىقى تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى مەركەز-
لەشتۇرسەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
X - XI ئەسىرلەردىكى تېررىتورىيە چېگرى-
سىنى شەرقتە ئۇدۇندىن دۇنخۇاڭغىچە، شەر-
قىي جەنۇبتا ئۇدۇندىن تۆبۆت تەرەپلەرگىچە،
غەربىي جەنۇبتا بۇگۇردىن كۇچاغىچە، غەربتە
تاشكەنت - بارسخانغىچە، شىمالدا ئىلى ۋادى-
سى، ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان، دەپ ھې-
سابلاشقا بولىدۇ.

---

**ئىزاھلار:**

① ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى 29 - بەت

② «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد «ھۇنلار تەركىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى 407 - بەت

③ «خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى، 872 - بەت

④ يۇقىرىقى ئەسەر 901 - بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





⑤ «تارىخىي خاتىرىلەر» 123 - جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» 506 - بەت

⑥ «خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 849 - بەت

⑦ «خەننامە» 932 - بەتكە قاراڭ

⑧ قاڭقىل ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەپسىلىي مەزمۇنلارنى كۆرۈڭ: دۇەن لىەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 463 - 521 - بەتلەر)

⑨ «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى 6111 - بەت؛ «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5195 - بەت؛ «كىتابلار جەۋھىرى. تاشقى ۋاسساللار» 11253 - بەت.

⑩ ئىزاھ ⑧ ئىزاھدىكى ئەسەرگە قاراڭ.

⑪ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى 3 -، 9 - بەتلەر

⑫ گۇباۋ: «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش» — لىن گەن تۈزگەن: «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانما» 2 - قىسىم جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1987 - يىل نەشرى 802 - بەت

⑬ «سۈينامە» 84 - جىلد «شىمالىي دىلار» جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى 1863 - بەت

⑭ قوچودىكى كىيۇ جەمەتى خانلىقىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە «قوچودىكى كىيۇ جەمەتى خانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىمدە («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1994 - يىللىق 4 - سان) تەپسىلىي توختالغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا تەكرارلانمىدى.

⑮ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر» 2 - قىسىم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1981 - يىل، 17 - بەت (吐鲁番出土文书)

⑯ يۇقىرىقى ئەسەر 3 - قىسىم 1981 - يىل، 253 - بەت

⑰ يۇقىرى ئەسەر 5 - قىسىم 1983 - يىل، 2 - بەت

⑱ «كىيۇ فامىلىلىك قوچو بەگلىرىنىڭ يات تىللىق ئۇنۋان ناملىرى» — سىن جوڭمىيەن «‹غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى› غا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1958 - يىل نەشرى 235 -، 238 - بەتلەر

⑲ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر» 3 - قىسىم 328 - بەت

⑳ يۇقىرىقى ئەسەر 4 - قىسىم 1983 - يىل 133 - بەت

㉑ يۇقىرىقى ئەسەر 4 - قىسىم 135 - بەت

㉒ يۇقىرىقى ئەسەر 3 - قىسىم 255 - بەت

㉓ يۇقىرىقى ئەسەر 2 - قىسىم 284 - بەت

㉔ «كونا تاڭنامە» 194 - جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» 5181 - بەت

㉕ سۈينامە» 83 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. قوچو» 1847 - بەت

㉖ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 44 -، 47 - قۇرلار «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 60 - بەت

㉗ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىنىڭ 25 - قۇرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يىگىرمە يېشىمدا (704 - يىلى باسمىل ئىدىقۇت ئۆز ئۇرۇقىمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقچىلارنى ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم. (ئۇلارنى) بويسۇندۇردۇم. نۇرغۇنلىغان (ئولجىلارنى) ئۆيگە كەلتۈردۇم». يەنە مۇشۇ يۈزىنىڭ 28 - قۇرىدا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئوتتۇز يېشىمدا (714 - يىلى) بېشبالىققا يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم. . . قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىتىلاتتى. . . (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، بېشبالىق

(ۋەيرانلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى. . . » — «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 100 ـ، 101 ـ بەتلەر.

㉘ «سوقاق» — پارسلارغا قارىتىلغان بولۇپ (قاراڭ: «دىۋان» Ⅱ توم 417 ـ بەت)، «سوقاق يولى» دېگەن نام تۈركلەر ئېلىدىن پېرسىيە تەرەپلەرگە ئۆتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن رېچخو-فىننىڭ ئاتىغىنى بويىچە بۇ يول «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى.

㉙ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. تاڭ خاتىرىلىرى. 31» 6854 ـ بەت

㉚ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» — «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 115 ـ بەت

㉛ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 98 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار» 1743 ـ بەت

㉜ «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6114 ـ بەت

㉝ باسمىللار ئاخىرقى مەغلۇبىيەتتىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يېتەكچىلىكىدىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئونىنچى قەبىلىسى بولۇپ قالدى ۋە جەڭلەردە تۇرشاۋۇللۇق-قا سېلىندى. ئىزاھ ㉝ تىكى مەنبەگە قاراڭ.

㉞ ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 121 ـ بەت

㉟ خەنزۇچە «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» 2 ـ قىسىم 707 ـ، 711 ـ بەتلەر.

㊱ يۇقىرىقى مەڭگۈ تاشنىڭ 13 ـ، 14 ـ قۇرلىرىغا قاراڭ.

㊲ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، I توم 468 ـ بەت

㊳ «يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، قارلۇق خەلقلىرىگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە، 72 ـ بەت «ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى».

㊴ «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 14111 ـ بەت

㊵㊶ ف. ۋ. ك. مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى پارچە تۈرك يازمىسى» بېرلىن 1915 ـ يىل نەشرى. 22 ـ، 26 ـ بەتلەر

㊷ «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. كۇسەن» 6233 ـ بەت

㊸ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ توم 569 ـ، 570 ـ بەتلەر

㊹ «ھۇدۇدۇل ئالەم» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ئىشلىگەن خەنزۇچە نۇسخا، 67 ـ بەت

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى)**

تەھرىرلىگۈچى: **ئى. يۇسۇپ**



# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كورىيە (چاۋشيەن)دە قوللىنىلىشى

ئۆمەرجان نۇرى

## ئىلاۋە

تارىخ پەنلەر دوكتورى كورىيىلىك خې سۇلي (DR. HEE—SOOLEE) كورىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا، تۈركچە يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «ئىسلام ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە تارقىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە كورىيە (چاۋشەن يېرىم ئارىلى) نى يادرو قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىراق شەرقتە ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە تارقالغان مەدەنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيىنى ھەم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق شەرقتە قالدۇرغان مەدەنىيەت ئىزناسى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تونۇشتۇرغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كورىيە خاندانلىرىدا ئوينىغان رولى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كورىيىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىقىنىڭ كورىيە خاندانىدا ئىككى ئەسىر قوللىنىلغانلىقى، ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار (يەنى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى) بولمىش بىر تۈركىۋم خەلقلەرنىڭ ھازىرقى تۈركىيىدە ياشاۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئىنكاسى ئۇيغۇرچىنىڭ كورىيىدە قوللىنىلىشى» دېگەن پاراگرافىدا مەخسۇس قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ كورىيە خاندانلىرىدا ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. مەزكۇر ماقالە مۇشۇ مەزمۇننى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن بېرىلدى.

ئورقۇن - يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى (745 — 682 - يىللار) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، ئەرەمى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان سوغدى يېزىقىنى قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق دەۋر قوللانغان بولغاچقا، بۇ يېزىق ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

بۇ يېزىق كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان① بولۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلاردا 15 - ئەسىرگىچە، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردا بولسا 17- ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەرقتە ياپون دېڭىزىدىن غەربتە ياۋروپاغىچە② بولغان دائىرىدە قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇنداق كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشى ۋە تارقىلىشىغا ئىچكى ئاسىياغا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن مۇڭغۇللارنىڭ ئىستېلا ھەرىكىتى سەۋەبچى بولغان. چۈنكى مۇڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۆزىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن ئۆزگە مەرىپەت ھادىسىسى بولمىغاچقا، ھاكىمىيەت مەمۇرىيىتىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىگە تايانغان. ئەڭ ئاددىيسى ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئاستانە نامى خانبالىق، خان تېمۇچىننىڭ سەلتەنەت نامى چىڭگىز (تېڭىز، دېڭىز مەنىسىدە) خان دەپ ئۇيغۇرچە ئاتالغان. شۇڭا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىندا ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ قوللىنىپ، تۆت ئەسىر دەۋر سۈرگەچكە، پارس تارىخچىسى ئەتا مالىك جۇۋەينى③ «ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىم بىلەن ئىلىمنىڭ چوققىسى قىلىۋالدى»④ دەپ زارلان-

غان.

ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى 11 - ئەسىردىلا غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىدا دىپلوماتىيە ۋە سودا تىلى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. سالجۇق تۈركلىرى دەۋرىگە كەلگەندە ھەتتا ئۇيغۇر يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەرەبچە دەرسلىك تۈزۈپ ساقلانغان. ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگەن.

دېمەك، ئەينى چاغدا ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ۋە پارس يېزىقى بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئۈچ خىل دىپلوماتىيە يېزىقى بولغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، 15 — 16 - ئەسىردە قۇستەنتەنىيە (كونستانتىنپول، ھازىرقى ئىستانبۇل) ئوردىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ئىشلار مەجلىسى بولغانلىقى⑤ ۋە 13 — 14 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كورىيە (چاۋشيەن) دە ئىككى ئەسىر ھۆكۈمەت يېزىقى بولۇپ قوللىنىلغانلىقىدۇر.

چىڭگىزخان ئۇيغۇر يېزىقىنى دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، قانۇن - ياساقلارنى كۆچۈرتكۈزگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قۇبلاي خان مۇڭغۇل تىل - يېزىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پاسپا ھەزرەتنى تىبەت ۋە سانسكرىت يېزىقى ئاساسىدا يېڭى مۇڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلدۇرغان بولسىمۇ، بۇ يېزىق مەقسەتنى ئىپادىلەشكە قولايسىز بولغانلىقتىن يەنىلا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋەرگەن⑥. ئەينى چاغدىكى كورىيە (چاۋشيەن) مۇڭغۇللارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇڭغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرى كورىيىگىمۇ يەتكەن.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن تارىخ پەنلىرى دوكتورى خې سۇلې (كورىيىلىك) «ئۇيغۇرلارنىڭ كورىيىگە تارقىلىشى» دېگەن تېما ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، چالغۇ - ساز، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە كورىيىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىر بىرلەپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كورىيىدە تارقىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل، شۈبھىسىزكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كورىيە ئوردىلىرىدا كەڭ تارقىلىپ قوللىنىلغانلىقىدۇر». مۇڭغۇل يۈەن ئوردىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى نوپۇزى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇشى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان.

مۇڭغۇللارنىڭ ئوردا ئەھلىلىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاندىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ كورىيە ئوردىسىدا ئەمەل تۇتقانلىقى بىلەن كورىيە ئوردىسىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. شۇ سەۋەبتىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن ئۈزۈلدۈرمەستىن ئالاقىلىشىش ۋە خانبالىقتىكى مۇڭغۇل - تۈرك مەمۇرلىرىگە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا مەجبۇر بولغان كورىيە ساراي ئەھلىلىرى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش شەرت بولۇپ قالغانىدى.

كورىيە ئوردىسىدا مۇڭغۇللارنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر زاماندا (13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) ئۇيغۇر يېزىقى كورىيىگە كەڭ تارقالغان. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋە ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان مەكتۇپلار ئەۋەتىلەتتى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مۇڭغۇل نائىب چەكوك كورىيىلىك خان چۇڭ يول خاننىڭ ئۆزىگە قارشى ھەرىكەتلىرى ھەققىدە ئۇيغۇرچە مەكتۇب ئەۋەتىپ، يۈەن سۇلالىسى خانىدىن خان چۇڭ يولنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

بۇددىزم تارىخىي مۇتەخەسسىسلىرىدىن يى نىڭخۇانىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىگە قارىغاندا، چۇڭ يولخاندىن ئېتىبارەن تەخت-

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تە ئولتۇرغان كورىيە خانلىرى رەسمىي نائىبلارنى مۇڭغۇللاردىن تاللاتقۇزغان. كورىيە مۇڭغۇل نازارەتچىلەر ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر يېزىقى ئوردا يېزىقى بولۇپ قالغان.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ تىلنى قوللانغان بەزى مۇسۇلمانلار كورىيىلىكلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتمەي، ئەكسىچە ئۆز يېزىقىنى قوغداتقۇزغان. بۇ ۋەزىيەت 15 - ئەسىردىكى چاۋشيەن خانى دەۋرىگىچە داۋام قىلغان ھەم ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ (كورىيىدىكى) ئەھمىيىتى چوڭ بولغان چەت ئەل تىللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

چاۋشيەن خاندانىنىڭ قۇرغۇچىسى تاچوخان سەلتەنەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى، يەنى 1395 - يىلى 11 - ئاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەنبەدە: ئەسلى ئۇيغۇر ماقامى تەرجىمە مەمۇرى بولغان سول چاڭسۇ خانغا بىر ئىلتىماس سۇنۇپ، دۆلەت تەرجىمانى تاللاش ئىمتىھانىغا مۇڭغۇلچە بىلەن باراۋەر تىل ئۇيغۇرچىنىڭمۇ قوشۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدىن 30 يىل كېيىنكى، يەنى 1432 - يىلدىكى بىر ۋەسىقىدىن قارىغاندا، ئۇ زامانغا قەدەر دىپلوماتىيە قائىدە - يوسۇنى ۋازارىتىدە مۇڭغۇلچە، پاسپاچە ۋە ئۇيغۇرچە رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆگىتىلگەن.

دۆلەت تەرجىمە مەمۇرلىرى بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھانغا ئىلتىجا قىلغان تالىپلارنىڭ كۆپسانلىقى 15 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە ئۇيغۇرچىنى رەسمىي چەت ئەل تىللىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەت ۋازىرلىرىغىچە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەزگىللەردە ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقان كورىيە يېزىقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. بىر مەزگىل كورىيە ئوردىسىدا كەڭ تارقىلىپ قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كورىيە يېزىقىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن دەپ ئېيتالايمىز.

ئۆز يېزىقىغا ئىگە بولالمىغان كورىيە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56 - يىلىدىن، مىلادىيە 660 - يىلىغىچە) دىن ئېتىبارەن خەنزۇ يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ قوللىنىشقا باشلىغان. يەككە كەلگەن خەنزۇ يېزىقى بىلەن كورىيىچىنى يېزىشقا ئۇرۇنۇش بىر خىل مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئاردا بىر نەچچە قېتىم كورىيە يېزىقىنى يېڭىچە يېزىش سىستېمىسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشقان بولسىمۇ، مۇۋاپىقلاشتۇرالمىغان. كېيىن سى چۇڭخان خەلقنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى جەريانىدا خەلق ئارىسىدا قولايلىق بىر مىللىي يېزىق ئىجاد قىلىش خانلىقنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغانىدى، مىڭ يىلدىن بىرى خەنزۇ مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بەزى مۇتەئەسسىپ ئالىملارنىڭ كۈچلۈك ئېتىرازلىرىغا قارشى «ئوردا ئاكادېمىيىسى» ئالىملىرىنىڭ نەچچە يىللىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە 1446 - يىلى يېڭى كورىيە يېزىقى مەيدانغا كەلتۈرۈلدى.

بۇددا راھىبلىرى ھەتتا ئوردا ئاكادېمىيىسىدىكى يېڭى كورىيە يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ئالىم سىن سۇكچۇ⑦ موڭغۇلچە ۋە ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلەتتى. ئوردا ئاكادېمىيىسىدە چەت ئەل تىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ۋە دۆلەت تەرجىمە مەمۇرى بولغان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بۇ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇيغۇر تىلى كورىيە تىل ئالىملىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەتتا باشقا تىللارغا قارىغاندا سىنتاكسىس، مورفولوگىيە، فونېما ساھەسىدىن، كورىيىچە خېلى يېقىن بىر ئوخشاشلىق بار. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سىستېمىسىمۇ بۇ خىزمەتلەر تەسىرىدە ئۆرنەك ئېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بولۇشى ئېھتىمال.

يېڭى كورىيە يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىنـ

شىدا ئۇيغۇر يېزىقى تەركىبلىرىنىڭ قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 14 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە كورىيە ئوردىسىدا تارقىلىپ قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى 1427 - يىلى چەتئەل تىللىرىدا قوللىنىلىدىغان بىر قانۇن قارارنامىسىنىڭ ئۇنۇملۇك تەرىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، رەسمىي قانۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر يېزىقى كورىيە جەمئىيىتىدە يەرلەشكەن ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا بىر قانچە ئەۋلاد داۋام قىلىنغان بولسىمۇ، چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى بىلەن ھەتتا ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ تەدرىجىي ئايىنىپ كورىيىچىلىشىپ كەتكەن.⑧ يىغىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئوينىغان رولىغا ماسلىشىپ، 12 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىباھا مىراسلارنى قالدۇرۇش جەريانىدا شەرقتە ياپون دېڭىزىدىن باشلاپ غەربتە شەرقىي ياۋروپاغىچە بولغان بىپايان دائىرىگە تارقىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىلىرىنى يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە چېچىپ چىققان.

گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كورىيە (چاۋشيەن) خان ئوردىسىدا ئىككى ئەسىرلا خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، كورىيە خەلقى ئاشۇ شانلىق ئىزنى خاتىرىلىگۈدەك ئەھمىيەتلىك تەسىر قالدۇرغان. شۇڭا كورىيە خەلقى ھازىرغا كەلگەندە ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىزلىرى پەقەت قالدۇرۇلمىغان ئەھۋالدىمۇ، پېيۇڭتەك بازىرىدا چاڭ فامىلىلىك بىر ئۇيغۇر ئەۋلادى ئائىلىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئىزاھات**

① قاھار بارات: «دولوگود ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشى ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1982 - يىللىق 4 - سان، خەنزۇچە.

② ئەلى مازاھەرى: «جۇڭگو بىلەن پارسلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1993 - يىل 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى 118 - بېتىدە: «ئۇيغۇر تىلىنى ئەينى چاغدا كونىستانتىنپولدا بەزىلەر بىلەتتى، ھەتتا بەزىلەر تېخى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيتتى» دەپ يازغان.

③ ئەتا مالىك جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، 6 - بەت، ئىچكى مۇڭغۇل نەشرىياتى، 1980-يىل 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

④ لىيۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «تۈرك - ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، چىڭشى نەشرىياتى، 1990 - يىل 1 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 435 -، 445 - بەتلەر.

⑤ ⑥ ئەلى مازا ھەرى: «جۇڭگو ۋە پارسلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، 118 - بەت.

⑥ ⑦ ئەھمەت جەپەر ئوغلى: «تۈرك تىلى تارىخى»، 181 - بەت، ئەندۇرەن نەشرىياتى، 1984-يىل، تۈركچە نەشرى.

⑦ ⑧ سىن سۇكچۇ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل 4 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى. 253 -، 262 - بەتلەرگىچە: كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئاقىل مۇشاۋىرى تونيۇقۇقنىڭ قوچودىن كەلگەن ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىن كورىيىگە بېرىپ، ئوردىدا ۋەزىر بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىگە يەتتە قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى، كورىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا ئىچىدە خېلى تەسىرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

⑧ خې سۇلى: «ئىسلام تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە تارقىلىشى»، 1988 - يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 173 -، 178 - بەتلەر.

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن تارىخ كافېدراسى)**

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تارقىلىشى ھەققىدە قايتا مۇھاكىمە

خۇاڭ شېڭجاڭ

## 1. خەلقئارادىكى تالاش - تارتىش ۋە دىققەت قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

كارىز — ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىدىكى چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا داۋاملىق زور رول ئوينىماقتا. كارىز مىلادىيىدىن ئىلگىرى 7 -، 8 - ئەسىرلەردىلا غەربىي ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن، كېيىن پارس شۇنداقلا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرەب قۇرغاق رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان، پارس، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرققە ۋە غەربكە تارقالغان، يەنى كونا قۇرۇقلۇقتا، غەربتە تاكى ياۋروپادىكى ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىدىكى ماراكەشكىچە، شەرقتە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغىچە تارقالغان، يېڭى قۇرۇقلۇقتا بولسا مېكسىكا، پېرو ۋە چىلىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتكە تارقالغان.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا، ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپىنچىسىدىن ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، شۇڭا جايلاردىكى كارىزغا ئىشلىتىلگەن ئىسمىغا ئاساسەن ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ھۆكۈم قىلىش ھەمدە تارىختىكى سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت بىلەن كارىزنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇناسىۋىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇ مەيدانغا كەلگەن دەۋرگە ھۆكۈم قىلىش ئۇنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم يولغا ئايلانغان. ئادەتتە، كارىز ئەڭ دەسلەپ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا پارستىن كىرگەن ھەمدە ئەرەب بىلەن ئىسپانىيىنىڭ سىياسەت، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تۆت ئەتراپقا تارقالغان، پەقەتلا كونكرېت جەريان ۋە دەۋر توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەڭ چوڭ تالاش - تارتىش يەنىلا شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەيدانغا كەلگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىدۇر. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا، نۆۋەتتە مۇنداق تۆت خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ: بىرىنچى خىل قاراش، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇەنجۇڭ ئۆستەڭنى مەنبە قىلغان؛ ئىككىنچى خىل قاراش، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن، بىۋاسىتە مەنبەسى پارس؛ ئۈچىنچى خىل قاراش، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لىن زېشۈ شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بەرپا قىلغان؛ تۆتىنچى خىل قاراش، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان. 1980 - يىلى، مەن ياپونىيە كيوتو ئىنىستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدىم، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە بۇ ماقالىنى بىرىنچى قېتىملىق جۇڭگو يەن - تېخنىكا تارىخى تەتقىقات ئورنى

قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان
يىغىنىنىڭ مۇنازىرە قىلىشىغا سۇندۇم، ئۇ
بىر يىلدىن كېيىن «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن-
لەر تەتقىقاتى» نىڭ 1981 - يىللىق 5 - سانى-
دا ئېلان قىلىندى. ماقالىدە تۇرپاندىكى كا-
رىزلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ،
جياچىڭ يىللىرى يەنى 18 - ئەسىرنىڭ 80-
يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەنلىكى،
ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى پارس كارىز
(Karez) لىرى ئىكەنلىكى دەلىللەندى ھەم-
دە تۇرپاندىن باشقا ھەرقايسى جايلارغا تارقال-
غان ۋاقىت ۋە تارقىلىش جەريانى ئىسپاتلان-
دى. شۇڭا بۇ ماقالە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا
زور تەسىر قوزغىدى ھەمدە بەزى مۇنازىرى-
لەرنىمۇ قوزغىدى. 1981 - يىلى ۋە 1982-
يىلى، مەن يەنە ئىككى قېتىم تارىم ئويمانلى-
قى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئايلىنىپ، بوستان-
لىقلارنى تەكشۈرۈپ، قەشقەرنىڭ شىمالىي
چېتىدىكى تاشلاندۇق كارىزلارنىڭ قاراخانىي-
لار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ
قۇرغاندا قېزىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇ كارىزلار-
نىڭ تۇرپاندىكى كارىزلار بىلەن مۇناسىۋەت-
سىز ئىكەنلىكىنى، گەرچە ھەر ئىككى جاي-
دىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوتتۇرا
ئاسىيا بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت مەنبە قى-
لىنغان رايون ۋە كىرگەن ۋاقىتنىڭ ئوخ-
شاش ئەمەسلىكىنى بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، يەنە كارىز تۇرپاندىن تارقالغان
دەيدىغان قاراش تۈپەيلىدىن ئىلگىرىكى ماقا-
لىلەردا تىلغا ئېلىنمىغان بەزى جايلاردىكى
كارىزلارمۇ قوشۇلدى، ماتېرىياللارنى ۋە
چەتئەل يېزىقىدىكى خاتىرىلەرنى تەتقىق قى-
لىشتىمۇ بەزى يېڭى بايقاشلار بارلىققا كەل-
دى، بولۇپمۇ ئىلگىرى يېزىلغان ماقالىلەردا
«شىنجاڭدىكى كارىزلار ئەڭ ئاۋۋال تۇرپاندا
بارلىققا كەلگەن» دېيىلەتتى ھەمدە شۇ سە-
ۋەب تۈپەيلىدىن مۇنازىرىمۇ تۇرپان كارىزلى-
رى دەۋرى بىلەن چەكلىنەتتى، ئەمدىلىكتە
قەشقەرنىڭ شىمال تەرىپىدە كارىزلار تۇپى
بايقالدى ھەمدە بۇ كارىزلارنىڭ تۇرپان كا-
رىزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكى
شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋاقتى تۇرپان كارىزلىرىنىڭ-
كىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ،
شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ تارىخىي مەسىلە-
سىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىنىشقا، بۇ توغرىدا
قايتىدىن ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى. 1990-
يىلى، شىنجاڭ «قۇرغاق رايونلارنى كارىز
سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىش خەلقئارا ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى» ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى،
كارىزنىڭ تارىخىي مەسىلىسى يەنىلا يىغىندا
مۇنازىرە قىلىنغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى
بولدى، ئەڭ چوڭ تالاش - تارتىش يەنىلا
شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى
ۋە دەۋرى بولدى. يىغىندا لىن زېشۇ ئىجاد
قىلغان دەيدىغان قاراش «يىسى خاتىرىسى»
(乙巳日记) نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن
مەسىلە تۈپتىن ھەل قىلىنىپ قايتا تىلغا
ئېلىنمىغاندىن سىرت، شىنجاڭدىكى يەرلىك
خەلق (ئۇيغۇرلار) ئىجاد قىلغان دەيدىغانلار-
مۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۆەنجۇڭ
ئۆستەڭدىن كەلگەن دەيدىغانلارمۇ خېلى
كۆپ ساننى ئىگىلىدى، مەنمۇ يېڭىدىن باي-
قالغان كارىزلارنى، يازما خاتىرە ۋە كۆپ
قېتىملىق تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن
جايلاردىكى كارىزلارنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋ-
رى، كېلىش مەنبەسى، تارقىلىش يولى قا-
تارلىقلارنى شۇنداقلا كارىزنىڭ نامى بىلەن
Karez نىڭ كېلىش مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى كا-
رىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوتتۇرا ئا-
سىيا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللى-
دىم. مەن بۇنى سىستېمىلىق رەتلەپ چىق-
تىم، تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن:

## 2. قەشقەرنىڭ شىمالى چەت يا- قىسدا يېڭىدىن بايقالغان تاشلاندۇق كارىزلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە دەۋ- رى

بۇرۇن، شىنجاڭدىكى كارىزلار تۇرپان
ئويمانلىقىغا تارقالغان ھەمدە تۇرپاندىن باشقا

uyghurkitap.com



جايلارغا تارقالغان، دەپ قارىلاتتى. مەن 1981 - يىلى ئېلان قىلغان ماقالەمدە ئىككى جايدىكى كارىزلارنىڭ ئېنىقلانمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئىككىنچى ئورۇن دەل قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئاتۇش بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان جايدىكى كارىزلار خارابىسىدۇر. بۇ يەرنى مەن 1981 - يىلى بىرىنچى قېتىم تەكشۈرگەن، بۇ تاشلاندۇق كارىزلار هازىر قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، هازىرغا قەدەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ، كونكرېت ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

**1) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى مور قەدىمكى مۇنارى ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق كارىزلار**

قەشقەر شەھىرىدىن شەرقىي شىمالغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى مور قەدىمكى مۇنارى ئەتراپىدا ئۈچ يول تاشلاندۇق كارىزنىڭ يەر يۈزىدە ئېنىق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ كارىزلار بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي، جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ئورۇنلاشقان. 1900 - يىلى 9 - ئايدا، ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەئىن ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە خارابىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسىنى ۋە مور بۇددا مۇنارىنىڭ كەسمە يۈز خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان①. 1906 - يىلى 8 - ئايدا فرانسىيىلىك پېللىئوت بۇ جايغا كېلىپ قەدىمكى مۇنارنى تەكشۈرگەن، سۈرەتكە تارتقان ھەمدە يول لىنىيىسى خەرىتىسى ۋە بۇددا مۇنارى خارابىسىنىڭ ئورنى خەرىتىسىنى سىزغان، ② ياپونىيىلىك جۇ رۇيچاۋمۇ بۇ يەرگە كەلگەن، ئەمما خەرىتە سىزماي، بۇددا مۇنارى خارابىسىنى سۈرەتكە تارتىپ ياپونىيىدە ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەزىرى قەدىمىي يادىكارلىقلار بىلەن ئۇنىڭدىكى قەدىمكى بۇيۇملارغا مەركەزلەشكەن بولغاچقا، ئۇلار پەقەت مور قەدىمكى مۇنارى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىسىنى كۆرەلىگەن، ئەمما قاش بىلەن كىرىپكەتەك يېقىن بولغان مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ ئايىغىدىكى بىر قاتار تاشلاندۇق كارىزلارغا هېچ كىشى دىققەت قىلمىغان. بىراق يەرلىك خەلق ۋە شۇ جايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر بۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەن. 1981 - يىلى كۈز پەسلىدە مەن بۇ يەرگە كېلىپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، كېيىن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىكىلەر يەنە ئالاقىدار خارابىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى. هازىرقى ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، مور قەدىمكى مۇنارى خارابىسىنى ئاساس قىلغان هالدا ئۇ يەردىكى كارىزلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ ئۇنىۋېرسال بايان قىلىشقا، دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشلاندۇق كارىزلار

قەدىمكى مۇنارنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئانچە يىراق بولمىغان جايدا 47 ئېغىز تىك قۇدۇق بار، ئۇلارنىڭ بىرىبىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 مېتىر كېلىدۇ، كارىزنىڭ قېپقالغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 مېتىر كېلىدۇ، قۇدۇقتا توپا دۆۋىلىنىپ كونۇس شەكلىگە كىرىپ قالغان بولۇپ، دىئامېتىرى 9 — 8 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە كېلىدۇ. ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن خارابىلىرى هازىرغىچە ساقلانغان. بۇنىڭغا يېقىن جايدا قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال، كۆلرەڭ ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەر يۈزىنىڭ ئۈستىنكى قىسمىدىن شىمالىي سۆڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى بايقالغان.

(2) مور قەدىمكى مۇنارى تاشلاندۇق كارىزلىرى

مور قەدىمكى مۇنارى جايلاشقان قۇم تاغ ئېتىكىدىن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كارىزلار ھېلىھەم ماڭغىلى بولىدىغان قەشقەر كونىشەھەردىن ئاتۇشقىچە بولغان يولنى شۇنداقلا كەڭ دائىرىلىك قەدىمكى خارابىلىق رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ئازراق شور تەركىبى بولغان سېرىق توپا قاتلىمى بولۇپ، بۇ قەدىمكى دەۋردە بوز يەر ئۆزلەشتۇرگەنلىكتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ھازىر بۇ يەردە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان 30 ئېغىز تىك قۇدۇق بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر كېلىدۇ، توپا دۆۋىلىنىپ كەتكەن قۇدۇق ئېغىزىنىڭ بىر- بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 5.5 مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ تۇرغان توپىنىڭ ئېگىزلىكى 1 — 5.0 مېتىر، قالدۇق قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5 — 3 مېتىر كېلىدۇ. خېلى كۆپ قىسىم تىك قۇدۇقلار كەلكۈن ۋە كېيىنكى دەۋردىكى دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدا ۋەيران بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارىزمۇ ئىلگىرىكى دەۋردىكى قەدىمىي خارابىلىق مەدەنىيەت قاتلىمىنى بۇزۇپ تاشلىغان، بۇ يەردىمۇ قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ساپاللارنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن يەنە بىر دانە « 宝 » خېتى بېسىلغان ئوتتۇرىدا تۆت بۇلۇڭلۇق تۆشۈكى بار مىس تەڭگە تېپىلغان.

(3) مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاشلاندۇق كارىزلار

ھازىرغىچە 61 ئېغىز تىك قۇدۇق ساقلىنىپ قالغان، قۇدۇق ئېغىزىغا دۆۋىلىنىپ قالغان توپىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، دىئامېتىرى 20 — 4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىر كېلىدۇ، بىر - بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 — 8 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1050 مېتىر كېلىدۇ. سۇ چىقىدىغان ئېغىز ئېنىق ئەمەس، قۇدۇق ئېغىزىغا يېقىن جايدا تاشلاندۇق تېرىلغۇ يەرلەر بار، ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**2) ئاتۇش شەھىرى قۇمسېغىدىكى تاشلاندۇق كارىزلار**

ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئازاق يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان قۇمسېغىنىڭ يەر يۈزىدە بىر قىسىم تىك قۇدۇق ئېغىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسىنى قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئومۇمىي سانى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى بېكىتىش مۇمكىن ئەمەس. قۇدۇق رايونىغا تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر قەدىمىي قۇرۇلۇش ئىزى بايقالغان، ئۇنىڭ شەكلى تۆت چاسا بولۇپ 38×50 مېتىر، قالدۇق تام ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئۇزۇن خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قىيپاش شىمالىي قىسمىدا بۇددا دىنى خارابىلىرى بار، ھەتتا گەجدىن ياسالغان بۇتنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇ يەرنى تەكشۈرگەن چاغدا ئۇ يەردىن ھايۋانلارنىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاپارتما نەقىشلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى كۇمۇش تەڭگە قاتارلىقلارنىڭ قېزىۋېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇم، خارابىلىقتىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە يەنە ئۈچ بۇلۇڭ سىزىلغان قىزىل، كۆلرەڭ ياكى ساغۇچ، يېشىل رەڭلىك شادلىق كىيىمى ۋە ساپال كوزىلار بار ئىكەن.

**3) قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تاشلاندۇق كارىزلارنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرى ۋە كېلىش مەنبەسى**

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، قەشقەرنىڭ شىمالى چەت ياقىسىغا توغرا كېلىدىغان ئىككى جايدىكى تۆت يول تاشلاندۇق كارىزلار توپى تەكشۈرۈلدى، ئەمما تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن ھېچنەرسە بايقالمىدى. يادىكارلىقلارمۇ يىغىۋېلىنغان بولۇپ، يادىكارلىق ئارقىلىق كارىزنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىنى ئىسپاتلاش قىيىنغا چۈشتى، بۇنى پەقەت دەۋرگە

uyghurkitap.com



بۆلۈشتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە پەقەت ئالاقىدار خارابىلىقلارنىڭ گۈللەنگەن ۋە تاشلىنىۋېتىلگەن دەۋرىگە ئاساسەن، كارىز چېپىلغان، ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك چېكىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

(1) مور قەدىمكى مۇنارى تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا توغرا كېلىدىغان ستۇپا (Stupa) شەكلىدىكى بۇددا مۇنارى، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ خارابىسى بار، ھەممىسى ئوخشاش ئېگىزلىكتە ھەمدە چوڭ تىپتىكى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۇل ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدۇر. خارابىلىقنىڭ شىمالى قۇمتاغ ئېتىكىگە تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىدا ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغدىن باشلىنىدىغان چاقماق دەرياسى بار، بۇ دەريا ئۇلۇغچاتنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتۇشقا كىرگەندىن كېيىن، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى تارماق ئېقىنغا بۆلۈنىدۇ، شىمالى تارمىقى ئاتۇش چېگرىسى ئىچىگە، جەنۇبىي تارمىقى قەشقەر كونىشەھەر چېگرىسى ئىچىگە ئېقىپ كىرىدۇ. قۇمتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، مور بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسى جايلاشقان جايلارغا قەدىمىي خارابىلىقلار كەڭرى تارقالغان بولۇپ، تارىختا بۇ جايدا ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي تارماق ئېقىنىدىكى سۇ مەنبەسىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. مارالبېشىدىن قەشقەرگە بارىدىغان قەدىمىي يىپەك يولى دەل مۇشۇ يەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. چوڭ، ھەيۋەتلىك، كۆركەم مور بۇددا مۇنارىنىڭ مۇشۇ يەرگە سېلىنغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر پەقەت دەريانىڭ شىمالى تارماق ئېقىنىلا بار.

مور قەدىمكى مۇنارى خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇب، غەربى ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدە بىردىن كارىزلار تويى بار، ئۇنىڭ بەزىلىرى مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ ئايىغىدىلا ياكى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن، گەرچە بۇلار جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە بىر - بىرىگە قوشنا بولىسمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. ئىبادەتخانا، مۇنار ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى چاقماق دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسىگە تايانغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. چۈنكى، ئەگەر چاقماق دەرياسىنىڭ يەر ئۈستى سۇ مەنبەسىدىن پايدىلانغىلى بولسا، ئۇنداقتا بىۋاستە چاقماق دەرياسىدىن پايدىلىنىۋاتتى، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ كارىز چېپىش ھاجەتسىز ئىدى. 1981 - يىلى، بىز بۇ يەرنى تەكشۈرۈۋاتقاندا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدۇق. بۈگۈنكى كۈندە چاقماق دەرياسى قۇمتاغنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، مور مۇنارى خارابىسى ئەتراپىدا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىن دەريا ئېقىنى ئىزىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇملىشىپ كەتكەن. بىراق يەنە بەزى جايلار تېخىچە قۇملىشىپ بولالمىغان، سۇ بولمىغانلىقتىن تاشلىۋېتىلگەن قەدىمىي تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ توغرىسى ۋە ئۇزۇنسىغا سوزۇلۇپ كەتكەن ئىزنالىرىنى ھېلىھەم پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئېتىزلىقلاردىكى سانسىزلىغان يېرىقلارنىڭ سۇ بولمىغانلىقتىن قۇرغاقلىشىپ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەيۋەتلىك، كۆركەم مور بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىلارغا كەلسەك، ئەگەر يەر ئۈستى سۈيى بولمىغان بولسا بۇ بىنالارنىڭ بۇ يەرگە قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ھەمدە بۇ يەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇشۇ نەزەرىيە ۋە ئەمدىيىۋى يېتەكچى نەتىجىسىدە، ئويلىغىنىمىدەكلا مۇنار ۋە ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ ئايىغىدىن ئېقىپ ئۆتكەن قەدىمكى دەريا ئىزناسىنى تاپتىم ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىبادەتخانا ۋە مۇنارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تاشلىۋېتىلىشى

شۇنداقلا كارىزنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدىكى سەۋەبلەرنى، ئىبادەتخانا، مۇنار تاشلىۋېتىلگەن دەۋرنىڭ ئاخىرقى چېكىنىڭ دەل كارىز مەيدانغا كەلگەن دەۋرنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتىم، ئەلۋەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ۋاقىت پەرقى بار، ئەمما ئارىلىق ئانچە ئۇزۇن ئەمەس.

شەكلى ۋە تۇزۇلۇشىدىن قارىغاندا، مور قەدىمكى مۇنارى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، مۇنارنىڭ تاشلىۋېتىلگەن دەۋرى ئەڭ كېچىككەندىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇلى (قەشقەر) دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇپ، دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەن دەۋردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارى شۇ دەۋرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ۋەيران قىلىنىشى مۇقەررەر. قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقى پايتەختى قىلىنغان، 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئوردى (Ordy) پادىشاھ تۇرىدىغان جاي، شۇڭا قەشقەر ئوردى كەنت (Ordy kand) دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ مەنىسى ‹پادىشاھ تۇرىدىغان جاي ۋە پايتەخت›③ دېگەنلىك» دەپ يازغان. ئەمما قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى قاچان بويسۇندۇرغان، بۇددا دىنىدىن قاچان ئىسلام دىنىغا كۆچكەن، قەشقەرنى قاچان شەرقىي پايتەخت قىلغان؟ بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىدا مۇجمەل خاتىرىلەنگەن، گەرچە ئىككى - ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىنكى كىشىلەر خاتىرە قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. 13 - ئەسىردە ئۆتكەن جامال قارشى «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا: «قەشقەرىيە تارىخى» توغرىسىدا «تۈرك دۆلىتىدە ئەڭ ئاۋۋال چاشلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، چاشلار بىلگە قادىرخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. بىلگە قادىرخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى. «قەشقەرىيە ۋە فەرغانە چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرك قاغانلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا كىرگەن قاغان»، قەشقەرمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇ كىتابتا ئېيتىلغان «(ئەينى ۋاقىتتا) ئەمىر سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى نوھ ئىبنى مەنسۇر سىلان لەشكەر تارتىپ تاكى ئىسپىجاپ شەھىرىگە قەدەر ئۇرۇش قىلىپ بارغان دەۋر»④ 839 -، 840 - يىللىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بىر يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.⑤ ئەمما قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندە قۇرۇلغان، مۇشۇنداق ئىكەن بىلگە قادىرخاننىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بوۋىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ نەسەپنامىلىرىدە ئۇنىڭ ئىسمى چىقىدۇ. بىراق مۇسۇلمانلار خاتىرىسىدە يەنە 893 - يىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئىسمائىل لەشكەر تارتىپ تالاس رايونىدىكى «تۈرك دۆلىتى» نى بويسۇندۇرغانلىقى، «دۆلەت ئايالى ۋە 15 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن» لىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. گېرمانىيىلىك پرىتساك (O. Pritsak) پادىشاھ يەنى بىلگە قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇزچاق ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن دەپ قارىغان. ⑥ «تولۇقلىما» غا ئاساسلانغاندا، سامانىيلار خانى ئىسمائىل ئالدىنقى خان نوھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قېرىندىشىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بولغان. ئەمما ئۇ كىتابتا يەنە، ئوخشاش بىر يىلدا نوھ ئىسپىجاپ شەھىرىگە جازا يۈرۈشى قىلغان، ئىسمائىل بولسا تالاسقا جازا يۈرۈشى قىلغان، دېيىلگەن. مانا بۇ دەۋر ۋە تارىخىي ئىشلارنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تولۇقلىما» دا يەنە، ناسىر ئىبنى مەنسۇر قېرىندىشى (ئىسمائىل)

www.uyghurkitap.com



دىن ئايرىلىپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن،
ئوغۇزچاق ئۇنى مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋالغان،
ھەمدە ئۇنى ئاتۇش رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا
تەيىنلىگەن، دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. مۇ-
شۇنداق بولغاندا ئوغۇزچاق قاراخانىيلار سۇ-
لالىسىدە بىرىنچى بولۇپ قەشقەرنى پايتەخت
قىلغان خان، ئەمما ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلمىغان، ئۇنىڭ ئوغلى سۇتۇق ئىسلام دى-
نىغا كىرگەن، سۇتۇق ئوغۇزچاقنى يېڭىپ،
ئىسلام دىنى ئارقىلىق قەشقەرنى بويسۇندۇر-
غان، ھىجرىيە 344 ـ يىلى، مىلادىيە
955ـ، 956 ـ يىللىرى سۇتۇق بۇغراخان
ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ قەشقەرنىڭ ئارتۇش
دېيىلىدىغان بىر يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.
جامال قارشى ئۇزۇن مەزگىل قەشقەردە يا-
شىغان، «سۇرراھ لۇغىتى» ۋە «تولۇقلىما»
نى ئۇ مۇشۇ شەھەردە تۇرغان مەزگىلدە ياز-
غان. ئىلگىرىكى تارىختا كۆپىنچە 11 ـ ئە-
سىردە ئۆتكەن ئالىم ئۆلىما يازغان «قەشقە-
رىيە تارىخى» ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا سۇ-
تۇقنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنى
شەرقىي پايتەخت قىلىشىغا ئاساس سالغۇچى
دېيىلگەن، سۇتۇقنىڭ ئاتۇشتىكى قەبرىسىنى
ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇنىڭغا ئىشەن-
نىشكە بولىدۇ. ئەگەر سۇتۇق 955ـ،
956ـيىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلسە،
ئۇنداقتا مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ ساقلىنىپ
كەلگەن دەۋرى ئاشۇ ۋاقىتتىن ئېشىپ كېتەل-
شى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى دەريا ئېقىنى-
نىڭ يۆتكىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئىبادەت-
خانا، بۇددا مۇنارى خېلى ئىلگىرىلا تاشلى-
نىپ كېتىلگەن بولۇشى، قاراخانىيلار سۇلا-
لىسىنىڭ بۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ بۇ يەرگە
پايتەخت قۇرۇشنى ۋە دىنىي ئېتىقادنى ئىس-
لام دىنىغا ئۆزگەرتىشنى ساقلاپ تۇرمىغان
بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇ مەزگىلنى
بۇددا مۇنارى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تاش-
لىنىۋېتىلگەن ئاخىرقى چېكى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە، بۇ جايدا كارىز چېپىلغان مەزگىلنىڭ
باشلىنىش چېكى قىلىشقا بولىدۇ.

مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ ئۈچ تەرىپىدى-
كى تاشلاندۇق كارىزلار قاراخانىيلار سۇلالى-
سى قەشقەرنى پايتەخت قىلغان مەزگىلدە قې-
زىلغان، بۇنى مور قەدىمكى مۇنارى خارابى-
سىنىڭ تاشلىۋېتىلىش مۇناسىۋىتى ۋە ۋاقىت-
نى تەكشۈرگەندىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىلەر
ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، كارىزلار توپىنىڭ غەربىي
جەنۇبىدا خانئۆي (Khane ui) خارابىسى
بار، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بىر نەچچە كىلومې-
تىردىن ئاشمايدۇ. بۇ يەر ئادەتتە قاراخانىي-
لار سۇلالىسىنىڭ يازلىق ئوردىسى دەپ قارى-
لىۋاتىدۇ، بۇ خارابىلىقنىڭ جەنۇبتىن شى-
مالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر،
شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى بىر نەچ-
چە يۈز مېتىر كېلىدۇ، بۇ خان ئوردىسى
تۆت چاسا بولۇپ، شىمال تېمىنىڭ قالدۇق-
لىرىنى ھېلىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. 1906 ـ
يىلى پىللىئوت بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغان مەزگىلدە جەنۇب ۋە شىمال
تەرەپلىرىدە دەريا بار بولۇپ، جەنۇب تەرەپتى-
كىسى قۇرۇپ كەتكەن، قەدىمىي يول بىلەن
دەريا قىنى بىر ئۇزۇلۇپ، بىر تۇتىشىپ كەت-
كەنلىكى ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققان. شىمال
تەرەپتىكىسىدە بولسا يەنىلا ئېقىن سۇ بار
ئىكەن، ئۇ دەريا قىنىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى-
لىكىدىن ئۇ يەردە سۇ ئېقىۋاتقانلىقىغا نۇر-
غۇن يىللار بولغانلىقىنى پەرەز قىلغان. لې-
كىن مەن 1982 ـ يىلى ئۇ يەرگە تەكشۈرۈش-
كە بارغان ۋاقىتتا، دەريا قىرغاقلىرى ئاللى-
قاچان شورلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن
مەزگىل تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش نەتىجى-
سىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆر-
دۈم. بۇ جايدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر
ئۈستى سۈيىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن،
ئۇنداق بولمىغاندا خان ئوردىسىنىڭ بۇ جايدا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولمايتتى.
گەرچە خان ئوردىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە
مور قەدىمكى مۇنارى خارابىسىنىڭ ئاياغ تە-
رىپىدە قەدىمىي تېرىلغۇ يەرلەر ساقلىنىپ

قالغان بولسىمۇ، ئەمما چاقماق دەرياسى
قۇمتاغنىڭ شىمالىدىن ئاقىدىغان بولغاچقا،
ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايتتى. قاراخانىي-
لار ئىلگىرى بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ
خان تۇرالغۇسى قىلغان. ئىككىنچى قېتىم
خان تالاستا تۇرغان، كېيىن قەشقەرگە كۆ-
چۈپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، پايتەخت شەر-
قىي پايتەخت، غەربىي پايتەخت دەپ ئىككىگە
ئايرىلغان. خان ئوردىسى شەرق، غەرب دەپ
ئىككىگە ئايرىلغان مەزگىلدە، بالاساغۇن ۋە
تالاس ئۇزۇن مەزگىل پارس، ئەرەب مەدەنى-
يىتى ۋە سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان،
بۇ جايلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونغا
كىرگەچكە، ئۇلارنىڭ كارىزدىن پايدىلانغى-
نىغا خېلىلا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان. قاراخا-
نىيلار سۇلالىسى ئەلۋەتتە بۇ خىل ئۇسۇلنى
پىششىق بىلىدۇ. شۇڭا ئاسانلا كۆچۈرۈپ-
ئەكىلىپ پايدىلانغان.

ئىككىنچى، كارىزنىڭ ئەتراپىدا هازىر-
غا قەدەر ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن قەدىمىي
خارابىلەر بار. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ئالدىنقى ۋە كېيىنكى مەزگىلىگە توغرا كې-
لىدىغان يادىكارلىقلار ئاز ئەمەس. كارىز
قازغاندا چىققان توپا مۇشۇ خارابىلىقنىڭ
ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن، بۇ كارىزنىڭ بۇ خارا-
بىلىق تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن كولانغانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن كارىز
قېزىلغان دەۋرنىڭ دەسلەپكى چېكىنى بېكى-
تىشكە بولىدۇ. كارىز چاپقاندا چىقىرىلغان
توپىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلى-
دىغان خارابىلىقنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەنگەنلى-
كىدىن كارىزلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى
دەۋرىدە چېپىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
كارىزلارنىڭ مور قەدىمكى مۇنارىنىڭ غەربىي
جەنۇبىغا، خارابىلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جاي-
لاشقانلىق ئەھۋالىدىن، ئۇنىڭ بىر كىلومې-
تىر ئۇزۇنلۇقتىچە سوزۇلغانلىقى ۋە تىك
قۇدۇقلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن كارىز
قېزىلغاندىن كېيىن مەلۇم مەزگىل پايدىلى-
نىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ سىرتقا كېڭەي-
مىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. قارا-
خانىيلار سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مى-
لادىيە 1212 - يىلىنى كارىز دەۋرىنىڭ ئا-
خىرقى چېكى دېيىشكە بولىدۇ. يىغىپ ئېيت-
قاندا بۇ كارىزلار ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، تىك
قۇدۇقلىرىمۇ ئاز، شۇنداقلا سىرتقا تەرەققىي
قىلمىغان، كېڭەيمىگەن. چۈنكى، قاراخا-
نىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ
مىلادىيە 1004 - يىلى ئۇدۇن (خوتەن) دۆ-
لىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ هۆكۈمە-
رانلىق ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىغان. شۇڭا
قاراخانىيلار كارىزدىن خەۋەردار بولغاندىن
سىرت باشقا قوشنا جايلار ئۇنىڭدىن خەۋەر-
سىز ئىدى، ئۇنى قانداق قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن
قانداق پايدىلىنىشنى ئۇقمايدۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى كارىزلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالى-
سى دەۋرىدە كولانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رىدۇ، ئىگىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ شۇ دەۋرگە
ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ تۆت يول كارىز بىرلا ۋاقىت-
تا قېزىلغان بولۇشى ناتايىن. بەلكىم بەزىلە-
رى ئاۋۋال، بەزىلىرى كېيىن قېزىلغان بو-
لۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى مور قەدىم-
كى مۇنارىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى كارىزلار
ئوخشاش بىر دەۋرگە مەنسۇپ، ئاتۇش قۇمە-
سېغىدىكى كارىزلار ئەتراپىدا قورغان، بۇددا
ھەيكىلى بار بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى-
نىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدەك
ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ يەردىن چاغاتاي خان دۆلىتىنىڭ پۇللىرى
قېزىۋېلىنغان، بۇنىڭدىن بۇ يەردىكى كارىز-
لارنىڭ قېزىلغان دەۋرىنىڭ كېيىنرەك ئى-
كەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن، كارىز-
نىڭ ئىچىدىن چىقمىغان بۇ نەرسىلەرگىلا قا-
راپ، كارىزنىڭ قېزىلغان دەۋرىگە هۆكۈم
قىلىش ئاسان ئەمەس. «مۇسۇلمان يۇرتلى-
رىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» يەتتىنچى تو-
مىدا: «قەشقەرنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ چوڭ تاغ
ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ تاغلار ئۇزۇندىن ئۇزۇن
سوزۇلۇپ تۇرىدۇ، تاغ ئۈستىدىكى قار -

مۇزلار ئەتىياز، يازلاردىمۇ ئېرىمەيدۇ. قەشقەرنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئوراقلىق. . . قەشقەردىكى مۇسۇلمان دېھقانلار ئېرىگەن قار سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردە ئېتىزلارنى تاغدىكى قار سۈيىنى باشلاپ كېلىپ سۇغارغانلىقىنى، كارىزنى ئىشلەتمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كارىز توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەرلىك بىرەيلەن قۇمتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ دالىنى ئۆزلەشتۈرمەكچى بولۇپ كارىز چېپىشنى تەشكىللىگەن («شىنجاڭنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن قەدىمكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا نەزەر»). لېكىن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە زوزوڭتاڭ لەشكەر تارتىپ شىنجاڭغا كېلىپ ياقۇببەگ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن قەشقەردە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغانلىقى، ئۆستەڭ ياسىغانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كەلگۈسىدە بۇ يەردە بوز يەر ئاچىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. مەن كۆرگەن كارىز ئەتراپىدىكى قەدىمىي تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە ئۇزۇن بولغان بولۇپ، بۇ چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئىش، بۇنىڭغا ئۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك ساپال پارچىلىرى، تەڭگە قاتارلىق بۇيۇملار ئىسپات بولالايدۇ. ئەگەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، كارىز چېپىلغان دېيىلسە، ئۇنداقتا گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىللىرى زوزوڭتاڭ تۇرپاندا كەڭ كۆلەمدە كارىز چاپتۇرغاندىن كېيىن، بەزى جايلار كارىزنىڭ ئۈنۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرپاننىڭ كارىزچىلىرىنى ئۆز جايىغا تەكلىپ قىلىپ، كارىز چاپتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. قۇمۇل، كۇچا قاتارلىق جايلاردا مۇشۇنداق ئەھۋال مەۋ-جۇت، بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تاشلاندۇق كارىزلار توپى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: بىرىنچى، ئىشلىتىلگەن دەۋرى تۇرپاننىڭكىدىن ئىلگىرى؛ ئىككىنچى، ئىككى جايدىكى كارىزلارنىڭ مۇناسىۋىتى يوق؛ ئۈچىنچى، سانى كۆپ ئەمەس، ئىشلىتىلگەن ۋاقتى ئۇزۇن ئەمەس، شۇنداقلا سىرتقا تارقالمىغان، بۇ يەردىكى كارىزلار تۇرپاندىكى كارىزلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. قەشقەر كارىز ئومۇملاشقان ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھالقىغان، بالاساغۇن، تالاس ۋە قەشقەرنى غەربىي ۋە شەرقىي پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ۋاستىچىسى بار، كارىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ يەرگە كىرگەن ھەمدە تەرتىپلىك، سىستېمىلىق قېزىلغان.

## 3. تۇرپانغا ۋە باشقا جايلارغا تارقالغان كارىزلار

### 1) تۇرپان رايونىدىكى كارىزلار

(1) قەشقەردىن سىرت، ھازىرغىچە بايقالغان شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى كارىزلار مەيلى ئۇ ساقلىنىپ قالغان ياكى تاشلىۋېتىلگەن بولسۇن ھەممىسى تۇرپاندىن تارقالغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ۋاقتى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. كارىز ئەڭ دەسلەپتە جياچىڭنىڭ 20-يىللىرى (1807-يىلى) ئۇرۇمچىنىڭ تۇتۇڭى (باش بۇغ) خې نىڭنىڭ خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئورنى يارغول، «سەنجۇ توپلىمى» 3 - توم «ئالۋاڭ - ياساق» ماددىسىدا يەنە: «پۇقرا ۋېي لياڭخاۋ قاتارلىق 15 ئائىلىلىك ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يارغولدا 1340 مو كې-

TURPANOLOGICAL RESEARCH

لىدىغان تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر، 252 مو
كېلىدىغان كاردى (كارىز سۈيى بىلەن تېرى‑
لىدىغان يەر، يەنى كارىز يېرى دېگەن مەنى‑
دە) يەرنى ئاچقان؛ تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر‑
نىڭ ھەر موسىغا 4 تەڭگە، كارىز يېرىنىڭ
ھەر موسىغا 6 تەڭگە باج تاپشۇرغان، باجنى
توڭجى يامۇلى يىغىپ ساقلىغان» دەپ خاتىرە
قالدۇرۇلغان.

يارغۇل بۈگۈنكى كۈندە يار يېزىسى دې‑
يىلىدۇ، كەنت ئىسمى ياركەن ( 雅尔坎 )
دېيىلىدۇ. بۇ يەردە كەنت ئىسمى كارىزنىڭ
نامى بىلەن ئاتالغان. كاردى كارىز بىلەن
سۇغىرىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى
ۋاقىتتا توڭجى يامۇلى تۇرپاندا بولۇپ، ئۇ‑
نىڭدا يالغۇز يارغول تاپشۇرغان كارىز يېرى‑
نىڭ ئالۋاڭ ـ ياسىقى ساقلانغان. بۇنىڭدىن
تۇرپاندا شۇ چاغقىچە كارىز يوقلۇقىنى كۆرۈ‑
ۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە يارغولدا كارىز يېرى
بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت ناچار يەر‑
لەرنىڭ بەشتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى،
بۇنىڭدىن كۆپ قىسىم تېرىلغۇ ئېتىزلىرى‑
نىڭ يەر ئۈستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان‑
لىقىنى، كارىزلارنىڭ مۇھىم ئورۇننى ئى‑
گىلىمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
لىۇ جىنتاڭنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا،
توقسۇننىڭ ئىلانلىقتىكى ھەر بىر يۈرۈش
كارىز ئىككى، ئۈچ يۈز مو يەرنى سۇغىرالاي‑
دىكەن، كاردىدا 252 مو يەر بولۇپ، بىر
كارىز بولسىلا يېتىدىكەن (ھازىر ھەربىر يۈ‑
رۈش كارىز 500 —250 مو يەرنى سۇغىرا‑
لايدۇ)، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر نەچچىدىن
ئاشمايدىكەن، بۇ كارىزنىڭ تۇرپانغا كىرگى‑
نىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاي‑
دىغان ئەڭ ياخشى پاكىت.

(2) «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى.
شۈەنزۇڭ خاتىرىسى» 322 ـ جىلدىدا، داۋ‑
گۇاڭنىڭ 19 ـ يىلى (1839 ـ يىلى) 5 ـ
ئايدىكى خان يارلىقىدا: ئۇرۇمچىنىڭ تۇتۇڭى
لىيەن جىڭنىڭ مەلۇماتى «يەمشىنىڭ جەنۇبى‑
دىكى جايلاردا ئېچىشقا بولىدىغان 800 مو‑
دىن ئارتۇق يەر بارلىقى ئېنىقلاندى، يېقىن
ئەتراپتا سۇ بولمىغانلىقتىن، كارىز چېپىپ
سۇ باشلاشقا، شۇ سۇ بىلەن ئېتىزلارنى سۇ‑
غىرىشقا توغرا كەلدى» قاتارلىق سۆزلەر خا‑
تىرىلەنگەن. يەمشى يارغولنىڭ غەربىي جەنۇ‑
بىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرىدا تۇز تاغ
بار. يەمشى يەنى 盐磨石山 نىڭ ئۇيغۇر
تىلىدا تۇز تاغ دېگەن مەنىسى بار. بۇ جايدىن
بىر خىل بېغىر تۇز چىقىدىغان بولغاچقا تۇز‑
لۇق تاغ دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ يارغول بىلەن
بولغان ئارىلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ.
يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىغانلىقتىن كارىز چې‑
پىپ سۇ باشلاش داۋگۇاڭنىڭ 19 ـ يىلى
لىيەن جىڭنىڭ يۇقىرىغا دوكلات قىلىشى بى‑
لەن تەڭ باشلانغان، ئىلگىرى بۇ يەردە كارىز
يوق بولۇپ، بۇ يارغولنىڭ غەربىي جەنۇبىغا
تەرەققىي قىلىپ بارغان ئىككىنچى جايدىكى
ئەڭ بالدۇر چېپىلغان كارىزدۇر. «يىسى
خاتىرىسى» دە داۋگۇاڭنىڭ 25 ـ يىلى قەمە‑
رىيە 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى لىن زېشۇ تۇز
تاغ ئېغىزىدىكى كىندىكتىن ئۆتۈپ يارغول‑
دىن تۇرپانغا بارغان. كىندىكتىن غەربكە 20
چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ يارغول‑
نىڭ ئالدىغا كەلگەندە يول بويىدىكى ئازگال‑
لارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سورى‑
غان، باشقىلار كارىز دەپ جاۋاب بەرگەن.
بۇنىڭدىن شۇ دەۋردە يارغول ۋە يارغولدىن
يەمشىنىڭ غەربىي جەنۇبىغىچە بولغان جايدا
كارىز بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ يىلى
ئىلى جاڭجۈنى سايىنئا يۇقىرىغا قىلغان مە‑
لۇماتىدا: «تۇرپاندا يەر ئۈستى سۈيى يېتىش‑
مىگەنلىكتىن قۇدۇق قېزىپ، ئۇلارنى بىر‑
بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ سۇ باشلاپ ئېتىزلىقلار‑
نى سۇغىرىدىكەن. ئۇنىڭ نامى جاجىڭ بو‑
لۇپ، 30 نەچچە يەردە بار ئىكەن» دەپ خاتى‑
رىلەنگەن. گەرچە بۇنى لىن زېشۇ ئۆزى ياز‑
مىغان بولسىمۇ، ئەمما لىن زېشۇ نەق مەيدان‑
دا تۇرپاننىڭ سۇ ئىنشائاتى ئەھۋالىنى تەك‑
شۈرۈپ، ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلى‑
گەن، 30 نەچچە يەردىكى كارىز يارغول ۋە

تۈركىي كىتاب تورپىكى www.turkitap.com

يەمشىدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى كارىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندا بار بولغان كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ساندۇر. لىن زېشۇنىڭ ئۆزى چىقىپ كارىزلارنى تەكشۈرگەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. جياچىڭنىڭ 12 - يىلىدىن (1807 - يىلى) داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلىغىچە (1845 - يىلى) بولغان 33 يىلدا 30 نەچچە ئورۇندىكى كارىزلار يارغولدىكى كارىزلارنىڭ كۆپەيگەن سانى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(3) داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى لىن زېشۇ نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىلالىقتا يەنى توقسۇننىڭ غەربىدىن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا كەڭ كۆلەمدە كارىز چېپىشنى قارار قىلغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال. سايىنئانىڭ تەرجىمىھالى» دا: «خان يارلىقى... ئىلالىقتىكى ئاھالىلەر كۆچ چىقىرىپ، پۇل ئىئانە قىلىپ 60 نەچچە ئورۇندا كارىز چاپتۇرغان، ئىلگىرى 30 نەچچە ئورۇندا كارىز بولۇپ، ھەممىسىنى قوشقاندا يۈز كارىز بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق قىلىش لىن زېشۇنىڭمۇ پىلانى ئىدى. سايىنئا يىل ئاخىرىدا بوز يەر ئېچىپ، كارىز چېپىپ ئۈنۈمىنى كۆرگەنلىكى بىلەن نام چىقارغان. «شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى» 424 - جىلدىدا، داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 12 - ئايدا چۈەنچىڭ قاتارلىقلار ئىلالىقتا ئېرىق - ئۆستەڭ كولاپ، سۇ باشلاپ كېلىپ 111 مو يەرنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى، ھەر يىلى 8300 سەردىن ئارتۇق كۆمۈش يىغىلغانلىقىنى، بۇ يەرنى 26 يىل سىناق قىلىپ تېرىيدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. يېڭىدىن 60 نەچچە ئورۇنغا كارىز چېپىش پىلان بويىچە پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشقان، ھەر بىر يول كارىزدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 موغا يېقىن يەرنى سۇغارغان، مانا بۇ كارىزلارنىڭ تۇنجى قېتىم غەربكە قاراپ كېڭەيگەنلىكى بولۇپ، يېڭىدىن چېپىلغان كارىزلارنىڭ سانى ئىلگىرىكى ساندىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

(4) زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، گۇاڭشۇنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى «شىنجاڭنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاقىدار دوكلاتى» دا: «تۇرپانغا قاراشلىق جايلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپقاندىن سىرت، 185 ئورۇنغا كارىز كولاندى» ⑦ دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان، لېكىن تۇرپاننىڭ قايسى يېرىگە كولانغانلىقى ئېيتىلمىغان. تاۋ باۋلىيەننىڭ «شىنماۋ يىلى سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى خاتىرە» سىنىڭ 6 - جىلدىدا: گۇاڭشۇنىڭ 17 - يىلى پىچاندىن شەرققە قاراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پىچاندىن 14 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا «شەرقىي كارىز» نى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە «لەمجىندىن غەربكە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا نۇرغۇنلىغان كىچىك - كىچىك يۇمىلاق دۆڭلەر بار ئىكەن، ماڭغانسېرى كۆپ ئۇچرايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارىز ئىكەن، سانى نەچچە يۈزگە يېتىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ كارىزلارنىڭ ھەممىسى لەمجىن بىلەن تۇرپان ئارىلىقىغا جايلاشقان. بىراق داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى لىن زېشۇ تۇرپاندىن قومۇلغا بارغىچە تاۋ باۋلىيەن ماڭغان لىنىيە بىلەن ئوخشاش بىر يولدا ماڭغان، ئوخشاشلا لەمجىندىن پىچانغا بارغىچە يول بويى كۆرگەن نەرسىلەردىن خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، كارىز توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان، تاۋ باۋلىيەن لەمجىن بىلەن پىچان ئارىلىقىدا كۆرگەن كارىزلارنىڭ بىر قىسمى زوزۇڭتاڭ تۇرپاندىكى كارىزلارنى شەرققە كېڭەيتكەن مەزگىلدە كولانغان بولۇشى مۇمكىن، لىن زېشۇ تۇرپاندىكى كارىزنى غەربكە كېڭەيتكەن، زوزۇڭتاڭ بولسا شەرققە كېڭەيتكەن، چۈنكى ئۇ تۇرپاننىڭ غەربىدە نۇرغۇن كارىزلارنىڭ بارلىقىنى، شەرقىدە بولسا تېخىچە كارىز يوقلۇقىنى كۆرگەن. مانا بۇ

كارىزلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەمدە قېزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قۇمۇل شىچېڭزى ئۆستىڭى، باردىكۆل شەرقىي بۇلاق ئۆستىڭى، دىخۇا (ئۈرۈمچى) يوڭبەن ئۆستىڭى، تىنچلىق ئۆستىڭى، ئەنشۈن ئۆستىڭى، ماناس ئۆستىڭى، چىتەي ئۆستەڭلىرى، كورلا كونا ئۆستىڭىنىڭ 40 چاقىرىملىق قىسمى، كۇچا ئاسا ئىككى چوڭ ئۆستىڭى» چېپىلغان. «چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ھەرقايسى ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ئەھۋالىغا دائىر خىزمەت دوكلاتى» دا بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدا پەقەت تۇرپاندىكى «كارىزلار» لا تىلغا ئېلىنغان ئۆستەڭلەر تىلغا ئېلىنمىغان، باشقا جايلاردىكى ئۆستەڭلەر جۈملىدىن قۇمۇلدىكى شىچېڭزى ئۆستىڭى تولۇق بايان قىلىنغان. پىچانمۇ، لەمجىنمۇ تۇرپانغا تەۋە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە لۈكچۈندە 1892 — 1890 - يىلىلا «لۈكچىن كارىزى» بار ئىدى. بەلكىم ھەممىسى ئوخشاش بىر مەزگىلدە قېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان «تۇرپان كارىزلىرى» مۇشۇ يەردىكى كارىزلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**2) كارىزنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىن باشقا جايلارغا تارقىلىشى**

(1) «پىچاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى تەزكىرىسى» دە: «پىچانغا كارىزدىن ياخشىراق پايدا يەتكۈزىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى يوق، ئۇ جىددىي ئېقىننى ئېگىز جايغا ئەپچىقىدۇ. كارىز چاپقاندا ئالدى بىلەن قۇدۇق قېزىلىدۇ ئاندىن يەر ئاستىدىن بىربىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئۆڭكۈر كولىنىدۇ، ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى بىر نەچچە چى ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى ئۈزۈلمەي ئۇدۇل ئېقىپ بېرىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى لىن زېشۇ ئىجاد قىلغان، كېيىن خۇاڭ بولەن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ بۇ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ھازىرغا قەدەر پىچاننىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، پىچاننىڭ كارىزدىن قىلغان ئۈنۈمى ناھايىتى زور» دەپ خاتىرىلەنگەن. گۇاڭشۈنىڭ 30 - يىلى پەن گوڭيى يەتتە قۇدۇقتا تۇرغان مەزگىلدە پىچانغا بوز يەر ئاچىدىغان لەشكەرلەرنى ئەكەلگەن، پىچاننىڭ ھاكىمى 5000 سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ، ئادەم ياللاپ تۆت يول كارىز قازدۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كارىزدىن سۇ چىققان، شۇ سۇ بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىپ شۇ يىلىلا ئۈنۈمىنى كۆرگەن، ئۇ يەردىن لەشكەرلەر كېتىپ يەرلەر ئاق قالغاندىن كېيىن كارىزمۇ تاشلىنىۋېتىلگەن. باشقا ئۈچ يول كارىز تاش قاتلىمى چوڭقۇر، سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ پەرقى چوڭ بولغان يەرگە قېزىلغانلىقى ئۈچۈن، باشتىن تارتىپلا ئۇ كارىزدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان. پىچان گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ناھىيە دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ يەردىكى كارىزلارنى دەسلەپكى قەدەمدە زوزۇڭتاڭ قازدۇرغان، شۇڭا ئۇ يەردىكى كارىزلار پىچان ناھىيە قىلىنغان مەزگىللەردە كەڭرى تارقالغان. يەتتە قۇدۇق تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىغا يەنى ھازىرقى قۇمۇل، پىچان ۋە تۇرپاننىڭ تۇتىشىپ تۇرىدىغان جايىغا جايلاشقان، ئۇلار بەلكىم تۇرپاننىڭ كارىز ئۇستىلىرىنى ئەكەلگەن بولۇشى ياكى يەرلىك كىشىلەر تۇرپاندىن ئۆگىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، گەرچە ئۇلار يەتتە قۇدۇقتا كارىز قازغىنى بىلەن، ئۇنى ساقلىيالمىغان. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، يەرلىك كىشىلەر يېڭىدىن كىرگەن كارىز قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى پىششىق بىلمەسلىكى، چۈشەنمەسلىكى يەنى باشقۇرۇشنى، قوغداشنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. مىنگونىڭ 6 - يىلى شې بىن «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دا «يەتتە قۇدۇقنىڭ غەربىي شىمالىدا ھۆكۈمەت چاپتۇرغان كارىزدىن بىرسى بار بولۇپ، سۇ مەنبەسى مول، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 400 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئارىلىقتا 13

يىل ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ۋەقەلىك بولۇپ، بۇ-
نىڭدىن ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن ھېچ-
قانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. يەتتە قۇدۇق ئوخشاشلا پىچان ناھە-
يىسىگە قاراشلىق بولسىمۇ، ئارىلىقتا ھېچ-
قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ،
ئەمما ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى كارىزنى ساقلاپ
قالالمىغان، بۇ كارىزلارنى تۇرپاندىكى يەر-
لىك خەلق ياكى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلمىغانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، كارىزلار پىچاد-
غا كېيىنرەك تارقالغان دېيىلگەن تەقدىردى-
مۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كارىزنى يەرلىك
خەلق ئىجاد قىلمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ
كېلىش مەنبەسى گۇەنجۇڭ ئۈستىكى ئەمەس-
لىكىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك پاكىت بولا-
لايدۇ.

(2) گېرمانىيىلىك لېكوك مۇنداق
دەيدۇ: «1905 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل ۋاڭى
تۇرپاندىكى كارىز ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قى-
لىپ، قۇمۇلدا كارىز چاپتۇرغان» . لېكىن
ئۇ كونكرېت نەدە چاپتۇرغانلىقىنى ئېيتمى-
غان. 1907 - يىلى ستەئىن قۇمۇلدىن تۇر-
پانغا قايتىش يولىدا، قۇمۇلدىن غەربىي شى-
مالغا 35 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىن
ئاستانىغىچە بولغان سىمكادا كارىزلارنىڭ
بارلىقىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ⑧ بۇ ۋاقىت-
تا، 1905 - يىلدىن بىر يىلدىن كۆپرەك
ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، بۇ كارىزلار شۇ قېتىم
چاپتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق 10
يىلدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 5 -
يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يازغان ئىلتى-
ماس خېتىدە: «كارىز سۈيى ئارقىلىق تې-
رىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش پۈتۈن مەملىكەت
بويىچە پەقەت شىنجاڭدىكى تۇرپان، پىچاندىن
ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىلا بار، باشقا جايدا
يوق» دەپ يازغان، ⑨ قۇمۇلنى تىلغا ئالمى-
غان، بۇنىڭدىن قۇمۇلدىكى كارىزلارنىڭ چې-
پىلغاندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا تاش-
لىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ،
يەتتە قۇدۇقتىكى كارىزمۇ شۇنىڭغا ئوخ-
شاش.

(3) 1906 - يىلى ۋە 1907 - يىلى
ئامېرىكىلىق خونتىنتون ۋە ئەنگلىيىلىك
ستەئىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا لۈكچۈنگە كې-
لىپ ئۇ يەردە نۇرغۇن كارىزلارنىڭ بارلىقى-
نى، ناھايىتى زىچ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆر-
گەن. ⑩ ستەئىن مۇنداق دېگەن: «ئەينى
ۋاقىتتا لۈكچۈندە سۇ مىقدارى ئازلاپ كەت-
كەن، كارىزغا تايىنىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى
سۇغىرىش ۋە كارىزدىن پايدىلىنىش ئانچە يۇ-
قىرى بولمىغان، مانا بۇ كارىزلارنىڭ كۆپ-
لەپ چېپىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى» . لۈكچۈن،
تۇرپان بېگى تۇرىدىغان (ئۇيغۇر بەگ) جاي
بولۇپ، زوزۇڭتاڭ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ
يەردە 185 ئورۇنغا كارىز چاپتۇرغان. داۋ-
گۇاڭنىڭ 25 - يىلى لىن زېشۇ ئىلانلىقتا 60
نەچچە ئورۇنغا كارىز چاپتۇرۇشنى، ئىلگى-
رى بار بولغان 30 نەچچە ئورۇندىكى كارىز
بىلەن جەمئىي 100 كارىز قىلىشنى پىلانلى-
غان، ئۇ 30 نەچچە ئورۇندىكى كارىزنىڭ
ھەممىسى تۇرپاننىڭ غەربىدىكى يارغول،
يەمشى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان بولۇپ،
تۇرپاننىڭ شەرق تەرىپىدە كارىز يوق ئىدى.
شۇڭا ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك
كارىز چېپىش تۇرپاننىڭ شەرقىگە قاراپ كې-
ڭەيگەن.

(4) 1906 - يىلى ستەئىن كۇچاغا
كېلىپ، كۇچانىڭ غەربىدىكى توغراق ئېقىن
(Toghrak — akin) خارابىسىنى تەكشۈ-
رۈپ: «ئورنى تار بىر جىلغىدا، جىلغا ئېغى-
زىغا يېقىن بىر يەردە سۈيى ناھايىتى ئاز بىر
كارىز بار ئىكەن، تىندۇرما يەرلەرنى ئې-
چىپ، يوشۇرۇن مۇنبەت يەرلەردىن پايدىلى-
نىش ئۈچۈن، يېقىندا كارىز كولاش ئۇسۇلى
ئارقىلىق جىلغىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى-
نى ئېچىشنى سىناق قىلغان، ئەمما سۇ مەن-
بەسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، بىر نەپەر
كۇچالىق يەر ئىگىسىنىڭ بۇ سىنىقى مەغلۇپ
بولغان، ئۇ تۇرپاندا كارىز سۈيىدىن پايدىلى-
نىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىدىغانلى-
قىدىن خەۋەردار بولغىنى بىلەن، ئۇ يەرنىڭ
پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان گېئولوگىيىلىك

شارائىتىنىڭ كارىزغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمىگەن» ⑪ دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مانا بۇ كۇچادا ئەڭ دەسلەپ چېپىلغان كارىزدۇر. بۇ كارىزدا سۇ كۆپ بولمىغانلىقتىن ئۇزۇنغا بارماي تاشلىۋېتىلگەن، بۇ كارىزنىڭ قېزىلغان ۋاقتى 1905 - يىلى بولۇشى مۇمكىن. ستەئىن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال سۇيى تۇزلۇقراق بىر قۇدۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇك - باراقسان قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن بىر جايغا كېلىپ ئولتۇرغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەردە تىك قۇدۇقلۇق كارىزدىن پايدىلىنىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىدىغانلىقنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ يەر ئىگىسى تۇرپاندا كارىز سۇيىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغۇرىدىغانلىقتەك ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغانلىقتىن بىرىنچى قېتىم بۇ خىل سىناقنى ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت تۇرپانلىق كارىزچىلارلا كارىز چېپىش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ كارىز چاپتۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. گېئولوگىيە ۋە يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئەھۋالى سۇ ئىلمى ۋە گېئولوگىيە ئىلمىغا تەۋە، بۇنىڭدىن تۇرپانلىقلارلا خەۋەردار بولۇپ، كۇچادا بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى ناتايىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، كۇچادىكى كارىزلارنى چېپىشتا تۇرپاندىكى كارىزلار ئۆرنەك قىلىنغان. 10 يىلدىن كېيىن، مىنگونىڭ 4- يىلى (1915 - يىلى) كۇچا ناھىيىسى شەھەرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئىككى ئورۇننىڭ يەر ئەھۋالى تۇرپاننىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى، تۇرپان ۋە پىچاندىن كارىز ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ يۈز نەچچە يول كارىز چاپتۇرۇش لازىملىقى توغرىسىدا ئىلتىماس يازغان، شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ ئاۋۋال سىناق قىلىپ بىر كارىز چاپتۇرۇپ بېقىشقا، مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ئەھۋالدىن دوكلات سۇنۇپ يەنە 10 يول كارىز چاپتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. مىنگونىڭ 5- يىلى كۇچانىڭ شاخاخۇ دېگەن يېرىدە ھۆكۈمەت ئىككى يول كارىز چاپتۇرغان، خىراجەت تەلەپ قىلىپ يازغان ئىلتىماس ياڭ زېڭشىڭ دەۋرىدە شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىدىغان كىتابقا باستۇرۇلغان. مىنگونىڭ 6 - يىلى 7 - ئايدا شې بىن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىپ كۇچاغا كېلىدۇ، ئۇ «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە: «شەھەر شەرقىدىكى گوڭگېجۇاڭنىڭ شىمالىدا خايۇجى قازغان كارىزنى كۆردۇم، كارىزنىڭ سۇيى ئۇلۇغ بولۇپ كۇنىگە 20 نەچچە مو يەرنى سۇغۇرالايدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مىنگونىڭ 5 - يىلى كۇچا شاخاخۇدىكى ھۆكۈمەت كارىزنى چاپتۇرغان، ئىككىنچى يىلى كارىز پۈتكەن، شې بىن يەنە «كارىز يېڭىدىن قېزىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كىشىلەر ئىلگىرى بۇنداق ئىش كۆرۈلۈپ باقمىغان دەپ، كارىز قېزىشنى توسقان». بۇنىڭدىن ئۇ كارىزنىڭ كۇچادا تۇنجى قېتىم چېپىپ پايدىلىنىلغان كارىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1906 - يىلى ستەئىن كۇچانىڭ شەھەر غەربىدىكى توغراق ئېقىن جىلغىسىدا كۆرگەن كارىزدىن ناھايىتى ئاز سۇ چىققانلىقتىن، چېپىلغاندىن كېيىن پايدىلىنىش مۇمكىن بولمىغان، شۇڭا ئۇ ساقلاپ قېلىنمىغان. گوڭگېجۇاڭ كۇچا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا (ھازىرقى ئايرودروم) ئىكەن، ئەمما يەرلىك كىشىلەر ئۇنى باشقۇرۇشنى، ئاسراشنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قېلىنمىغان. مەن 1982- يىلى كۇچاغا بېرىپ تەكشۈرگەندە، 1958- يىلى ئۇ كارىزنىڭ يەنە بىر قېتىم چېپىلغانلىقىنى، ئاران ئىككى يىل ئىشلىتىلىپ يەنە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

(5) شې بىن «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە، مىنگونىڭ 6 - يىلى 5 -ئايدا پىچاننىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغان چىقتىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «كارىزلار كۆپ ئىكەن، چوڭ - كىچىك بولۇپ 30 نەچچە كارىز بار ئىكەن، ئۆلكە باشلىقى ياڭ پىچانغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ يەردە ئىككى يول كارىز چاپتۇرۇۋېتىپتۇ، بۇ يىل كۈزدە سەنشىلىدۇنغىچە پۈتكۈزىدىكەن، بۇ جاينىڭ نېرد-

تۇرپان كىتاب تورىبېكىتى www.turkitap.com

سىدا كارىزلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. «پىچاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى تەزكىرىسى» دە: «ھازىرغا قەدەر بۇ يەردە كارىزلار ناھايىتى كۆپ» دەپ يېزىلغان. لېكىن گۇاڭشۇنىڭ 30 - يىلى يەتتە قۇدۇق دېيىلىدىغان جايدا كولانغان كارىزلار لەشكەرلەر كەتكەندىن كېيىن تاشلىنىۋېتىلگەن. چىقتىم بىلەن سەنشىلىدۇن پىچانغا تەۋە جاي، بۇ يەرلەردە كارىزلار كۆپ، بۇ ئىككى جايدىكى كارىزلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شۆەنتوڭ يىللىرى قېزىلغان، لېكىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە كەلگەندىمۇ داۋاملىق كۆپەيگەن، 1917 - يىلىمۇ يەنە ئىككى يول كارىز كۆپەيگەن.

(6) مىنگونىڭ 6 - يىلى جېنشى (باركۆل) ناھىيىسى شەرقىي شىمال تەرەپتىكى چاخاچۇەندە ھۆكۈمەت كارىزى چېپىشنى سىناق قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. مىنگونىڭ 7 - يىلى ياڭ زېڭشىن يوليۇرۇق چۈشۈرۈپ «كارىز چېپىشقا بولسا، بىر يول كارىز چېپىپ بېقىشقا بولىدۇ» دېگەن، بەلكىم كارىز چېپىلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ساقلاپ قېلىنمىغان. ئۇۋېن لاتتىمور «قۇملۇق يولدىن شىنجاڭغىچە» دېگەن خاتىرىسىدە باركۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نيۇجۇاڭزىخۇ دېگەن جايدا بىر يول كارىز بارلىقىنى خاتىرىلىگەن ⑫. بۇ باركۆل ناھىيىسى كارىز ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ چاپتۇرغان ھۆكۈمەت كارىزى بولۇپ، 1921 - يىلى ئوۋېن لاتتىمور ئۇ يەردىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن تاشلىنىۋېتىلگەنىدى. 1981-، 1982 - يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ بوستانلىقلارنى تەكشۈرگەن ۋاقتىمدا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەزگىلىدە، باركۆلدىكى يەر ئىگىلىرى كارىز چاپتۇرغانلىقىنى، سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاستىغا كونا كىگىزلەرنى سالماقچى بولغانلىقىنى، ئەمما چىقىم كۆپ بولىدىغانلىقى، ئالماشتۇرغىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ كونا كىگىزنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم. ھازىر باركۆلنىڭ بىر كەنتىنىڭ نامى غەربىي كارىز (شىكائېرجىڭ) بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ يەردە كارىز بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئىسمىنىڭ قويۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

(7) 1940 -، 1941 - يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇرپاندىكى كارىز ئۇستىلىرىنى گۇمىغا ئاپىرىپ كارىز چاپتۇرغان، مەن 1981 -، 1982 - يىلى ئىككى قېتىم تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ بوستانلىقلارنى تەكشۈرگەن ۋاقتىمدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە جاينى تەكشۈردۇم: ① مۇجى - چۇدا رايونى، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 315 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا جايلاشقان، شىمال تەرەپتىكىسى ھازىر جۇدا يېزىسىدۇر. گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمى يولداش يۇ ۋېنرۇ گۇمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ⑬ سانجۇ دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىدا چاقماق ھالىتىدە قېزىلغان ئۈچ يول كارىز بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.7، 1، 1 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تۇتىشىدىغان جايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەنە 0.3 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يول كارىز بارلىقىنى، بۇ كارىزلارنىڭ 1954 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قېزىلغانلىقىنى، بۇ كارىزلارنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى شىمالغا داۋاملىق سۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۇ چىقىرىش مىقدارى $0.25m^3$ (كۇپ مېتىر) / سېكۇنت بولۇپ، دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. جەنۇب تەرەپتىكىسى مۇجىلون باقى كارىزى بولۇپ، جەمئىي 21 تاك قۇدۇق قېزىلغان، سۇ چىقمىغانلىقتىن تاشلىنىۋېتىلگەن. ② كۆكتېرەك ئايقۇم كارىزى، يولداش يۇ ۋېنرۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ كارىزنى 1940 -، 1937 - يىللىرى قېزىلغان دەپ خۇلاسە چىقارغان. بۇ دەۋر شىڭ شىسەي شىنجاڭغا

ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ تەكشۈرۈپ ئىگىلىشىمچە 1941 ـ، 1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي تۇرپاندىن كارىزچىلارنى گۇمىغا ئاپىرىپ كارىز چاپتۇرغان. بەلكىم ئۇ بىرلا ۋاقىتتا قېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تىنىپ كەتكەن، كېيىن يەنە تازىلىنىپ پايدىلىنىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، گۇما بازىرى ئاقمايا كارىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.2 كىلومېتىر بولۇپ، ھەر بىر قۇدۇقىنىڭ ئارىلىقى 58 مېتىر كېلىدۇ، يۇقىرىسىدىكى قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 43 — 42 مېتىر، ئاخىرىدىن چىقىدىغان سۇ مىقدارى $0.35m^3$ (كۇپ مېتىر)/سېكۇنت. يولداش يۇ ۋېنرۇڭنىڭ تەكشۈرۈشىچە: ئۇ كارىزدا 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىش باشلانغان، 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتكەن. مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە 1940 ـ، 1941 ـ يىلى شىڭ شىسەي گۇمىنىڭ ئاقئاتان دېيىلىدىغان يېرىگە يەنە بىر كارىز چاپتۇرغان، بۇ كارىز ئاشۇ جايدىكى كارىزمۇ، ئەمەسمۇ بۇنى يەنە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1956 ـ يىلىدىن كېيىن، گۇما ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تاش ئۆستەڭ ياساپ سۇ باشلاش ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى ياساشقا قارىتىلغان، كارىزغا سەل قارىلىپ، ئۇزۇن يىل رېمونتسىز قېلىپ، قۇدۇق ئېغىزلىرى تىنىپ كېتىپ، ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاشلىۋېتىلگەن. كارىز سۈيى ئارقىلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 10 يىل داۋاملاشقان (يولداش يۇ ۋېنرۇڭنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسى ئاساس قىلىندى).

(8) كېرىيە ناھىيىسى 1943 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدىن ئىككى نەپەر كارىز ئۇستىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، لايسۇ دېگەن جايدا كارىز چاپتۇرغان، لېكىن كارىز پۈتتۈرۈلمىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن بۇ يەر ئۆزگەرتىلىپ كارىز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، 80 ـ يىللىرى بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم خەۋەرلەر ئېلان قىلىنغان. بۇ شىنجاڭنىڭ تۈنجى مۇۋەپپەقىيىتى شۇنداقلا جۇڭگو كارىز تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

(9) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى گۇچېڭ، فۇكاڭ ناھىيىلىرىدە ھازىرمۇ كارىز بار، چۈنكى ئۇ يەردە تۇرپانغا قارايدىغان يايلاقلار بار بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن تۇرپانلىق بىر پادىچى كارىز تېخنىكىسىنى كۆچۈرۈپ ئاپارغان. مورى ناھىيىسىدىكى كارىزلارنىمۇ 1959 ـ يىلى تۇرپانلىقلار تارقاتقان، ئىلگىرى ئۇ يەرلەردە كارىز يوق ئىدى. (1981 ـ، 1982 ـ يىلى تۇرپانغا ئىككى قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇنىڭدىن خەۋەردار بولدۇم).

ئامېرىكىلىق خونتىنتون «ئاسىيا تومۇرى» دا: «ئىلاننۇر — لوپنۇر ئويمانلىقىدىكى كارىز سۈيى ئارقىلىق كۆزلۈك تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىدىغان بىردىنبىر جاي، ئۇ كېرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان» دەپ ئېلان قىلغان. ئىلاننۇر كارىزى 1906 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا بار بولۇپ، 1906 ـ يىلى خونتىنتون ئاشۇ يەردىن ئۆتكەندە ئىشلىتىلىۋاتقان ئىكەن. لېكىن ھازىرغا قەدەر مەن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىدىم. كېرىيىدە ھازىرمۇ كارىز بارمۇ ـ يوق، ئىلگىرى ھېچكىشى بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېمىگەن. «ئىستىقپار ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى سان دوكلاتى» دا: ياڭ زېڭشىنىڭ «ئەگەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردىمۇ كارىز قېزىشقا بولىدىغان بولسا، يېزا ئىگىلىكىگە نۇرغۇن پايدىسى بولغان بولاتتى» دېگەن سۆزى بېسىلغان. بۇ يەردە دېيىلگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر تارىم ئويمانلىقى بوستانلىقلىرىدىكى ھەرقايسى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۇ يەرلەردە كارىز يوق ئىدى، مىنگونىڭ 5 ـ يىلى ياڭ زېڭشىنىڭ

ھۆججىتىدە يەنە «پەقەت تۇرپان، پىچاندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىلا كارىز بار» دېيىلـگەن. ئىلاننۇر دېگەن نام ستەئىننىڭ سىزما خەرىتىسىدە ئۇچرايدۇ، ئەمما كارىز خەرىتىسى سىزىلمىغان، بەلكىم تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ستەئىننىڭ كىتابىدا بۇ توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بۇنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

## ئىزاھات

① ستەئىننىڭ (A. Stein) قەشقەرنى تەكشۈرۈپ سىزىپ چىققان خەرىتىسى «ئاسىيادىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق» (Innermost Asia) قەشقەر بابى ۋە قوشۇمچە خەرىتە «شىنجاڭ، گەنسۇ خەرىتىسى» (قەشقەر بۆلىكى)

② پېللىئوت سىزىپ چىققان مور قەدىمكى مۇنارى ۋە ئۇ تارقاتقان رەسىملەر خېلى ئىلگىرىلا پارىژدا نەشر قىلىنغان.

③ R. Dankoff قاتارلىقلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە كىتابى. بۇ كىتاب 11 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى پۈتكەن، 1915 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. غەربتە ئىلگىرى كۆپرەك نېمىسچە تەرجىمىسى ئىشلىتىلگەن، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ بارا - بارا نېمىسچە تەرجىمىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، دۆلىتىمىز يېقىندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدى. نيۇ رۇجېن، نيۇ رۇجېننىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ 1 - قىسمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ناملىرى تەتقىقاتى» غا قارالسۇن. («غەربىي شىمالنىڭ جوغراپىيىلىك تارىخى» 1987 - يىللىق 2 - سان 45 - بەت) ئۇيغۇرچىسىدىكى قوشۇمچە ئىزاھاتتىن پايدىلىنىلدى.

④ بارتولد يازغان «موڭغۇللار بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 1 - قىسىم «تارىخىي ماتېرىيال» (128 ـ 152 - بەت) ئېلىندى. يولداش خۋاتاۋ تەرجىمە قىلغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى توپلىمى» نىڭ 10 ـ 1 - سانى.

⑤ ئىسۋىجاپنى بېسىۋېلىش. سامئانال (sam“nal — 1167) «نەسەبنامە» دە ھىجرىيە 840/225 - يىلى سامانىيلار سۇلالىسىدىن نوھ ئىبنى ئاساد ((Nuh Ibn Asad) تۈركلەر تۇرۇشلۇق ئىسۋىجاپنى بېسىۋالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسۋىجاپ شەھىرى (ھازىرقى چىمكەنت ئەتراپىدىكى سايرامنى كۆرسىتىدۇ)، ئىبنى ئاشر يازغان (—1234 — 1161 ,Athiri—Alnbl يىلى) «ئومۇمىي تارىخ» تا (839/224-يىلى) خاتىرىلەنگەن. (يۇقىرىقى كىتابنىڭ قوشۇمچە مۇندەرىجىسىگە قارالسۇن).

⑥ O. Pritsak «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى»

Die Karachamiden—DerIslam, Berlin, 1953

⑦ «مەرىپەتلىك مەدەتكار گۇلڭ زوزۇڭتاڭدىن خانغا يوللانغان مەكتۇپلار» نىڭ 56 - پارچىسى، گۇاڭشۇنىڭ 16 - يىلىدىكى تاش باسما پايدىلىنىلغان. زوزۇڭتاڭنىڭ خانغا يازغان مەكتۇپلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتابتىكى بىلەن ئوخشاش.

⑧ A. Stein, Serindia, V. Ⅱ 1921, P 1155

⑨ ⑩ ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» دېگەن كىتابى. ئاخىرى ياڭ زېڭشىننىڭ مەكتۇپىدىن ئېلىندى. مۇشۇ كىتاب ئاساس قىلىندى.

⑩ E. Huntington, The pulse of Asia, p18. 310, 1907⑮

⑪ A. Stein, Innermost Asia, vol. 11 p. 814

⑫ O. Lattimore, the Deset Road to Turkstan, p. 260—261

⑬ «شىنجاڭ گۇما ناھىيىسىدە كولانغان كارىزنىڭ باش - ئاخىرى». قۇرغاق رايونلارنى «كارىز» ئارقىلىق سۇغىرىش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىسى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **قۇربان مۇھەممەت**

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# يىپەك يولىدىكى جۇڭگو كارىزلىرى

ياپونىيە گوڭچى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇن شاڭلياڭۋەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭگودىكى شىنجاڭ كارىزلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى يەنە خەن ۋۇدى زامانىسىدا قېزىشقا باشلانغان دەپ قارىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرىدە شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا ھازىر 300 دىن ئارتۇق كارىز، 3 مىليون 330 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر، ئىسسىققا ۋە نەملىككە چىدايدىغان 16 مىليون تۈپ ئاق تېرەك بارلىقىنى، 3100 جايدا يېڭىدىن يېشىل كارىدور بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جۇڭگو ئۈزۈمزارلىقى ۋە پاختىزارلىقىدىن سىرت قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋىلەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىنتايىن موللۇقىنى يازىدۇ.

جۇڭگولۇقلار سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇ مەنبەسى ئەسلىھەلىرىنى كارىز دەپ ئاتايدۇ. دۇنيا ئەھلى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلارنى ئاسىياچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سۇ مەنبەسى دەپ ئاتىماقتا.

كارىز دېگەن بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ گرېكچە «karrɛz» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە VII ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى تەرغىباتچىلىرى ئۇنى ئەرەبچە «ganat» قا ئۆزگەرتكەن. كارىز ئىراننى مەركەز قىلغان كىچىك ئاسىيادا پەيدا بولغان بولۇپ، 5 — 6 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. كېيىنچە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئاندىن داۋاملىق ئامۇ دەرياسى (ئارال دېڭىزغا قۇيۇلاتتى) دىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى پەرغانە ئويمانلىقىغىچە تارقالغان.

جۇڭگودىكى شىنجاڭ كارىزلىرى ھەققىدە خەن ۋۇدى (مىلادىيىدىن بۇرۇن 156 — مىلادىيىدىن بۇرۇن 87) جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايون ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەرغانە (قەدىمكى نامى 大宛 ، بۈگۈنكى قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە) دۇلدۇلىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى ئىرشى سانغۇنى لى گۇاڭلىنى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن پەرغانىگە لەشكىرىي يۈرۈشكە ئاتلاندۇردى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104- يىلىدىن 102 - يىلىغىچە). ئۇلار پەرغانە شەھىرىنى كەم دېگەندىمۇ 40 كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىن سۇ يولى (كارىز) ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ، قوۋۇقنى ئاچتى. ئۇلار غەلىبە بىلەن قايتقاندا ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر ئىچىدە كارىز قازىدىغان ئۇستىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدا تېرىقچىلىق قىلدى. كېيىنچە ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق بوستانلىقلارغا تارقىلىپ، يىپەك يولىنى تەرەققىي قىلدۇردى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 48 - يىلى كورلا تېرىقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى خاڭجۇلۇق جېڭ جى شەرقىي ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۇرپان ئويمانلىقىدا كارىزلارنى قازدۇردى ھەم يارغول شەھىرىنى رېمونت قىلىپ ياساتتى. مىلادىيە 91 - يىلى قوچو شەھىرىنى بىنا قىلدى. يارغول، قوچودىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش نۇقتىسى دېيىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە.

كارىزنى كىمنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى ھەققىدە سۇن شاڭلياڭۋەننىڭ ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىلگەن. ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1150 — 609، بۈگۈنكى ئىراقتا) نىڭ پايتەختى نىنىۋېختا «ئايال پادىشاھ بۇۋى مەريەم رامات» نىڭ قەبرە تېشى بايقالدى. قەبرە تېشىغا ئۇنىڭ ئىران ئېگىزلىكىدىن شىمالدىكى مىسسوپوتامىيىگە كەلگەنلىكى ئاندىن يەنە زاگروس تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىپايان داللارغا بېرىپ، كارىز قېزىش تېخنىكىسىنى تارقاتقانلىقى خاتىرىلەنگەن. تارىخشۇناسلار ئۇنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن 5 —6 مىڭ يىل ئىلگىرىلا كارىز ئىجاد قىلىنغان دەپ قارىماقتا. گرېك تارىخچىسى ھىرودوت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 46 - يىلى) ئۇنى (ئايال پادىشاھ) «ئۇلۇغ سانغۇن، سىياسىئون، بۈيۈك قۇرۇلۇش ئۇستىسى» دەپ تەرىپلىگەن. مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى كارىزدۇر.

www.turkitap.com
تۈرۈكچە كىتابلارنىڭ يىغىنچاق ئورنى
تۈزۈتۈلگەن كىتاب تورىستانى



# ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئا.ۋون.گاباﺋىن خانىمنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى

**(1928 — 1990)**

— پروفېسسور ئا. ۋون گاباﺋىن خانىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

تۈزگۈچى: رېينخارد. ف. هان 〔Reinhard F . Hann〕

## مەزكۇر بىبلىئوگرافىيە ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھ

1) مەزكۇر بىبلىئوگرافىيە، 1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گاباﺋىن خانىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن. بىبلىئوگرافىيىگە ئۇنىڭ 1928 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان ۋە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى، مۇھىم تەقرىزلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، تەھرىرلىگەن ئەسەرلىرى، باشقا كەسىپداشلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا يازغان باھالىرى، ئىلمىي دوكلاتلىرى كىرگۈزۈلگەن.

2) بىبلىئوگرافىيە يىل تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، گېرمانچە ۋە ئىنگلىزچىسى پاراللېل قىلىپ بېرىلگەن. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنگلىزچىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، گېرمانچىسى پاراللېل قىلىپ بېرىلمىدى. ھەربىر ئەسەرنىڭ قايسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىنگلىزچە قىسقارتىلغان شەرتلىك بەلگىلەر قوشۇپ بېرىلدى. مەسىلەن،

UJb 8:465 〔Ungarische Jahrbucher 8:465〕 «ھۇنشۇناسلىق يىلنامىسى» 8 - جىلد. 465 - بەت

CAJ 〔Central Asiatic Journal〕 «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى».

3) مەزكۇر بىبلىئوگرافىيە ئۇلۇغ ئالىم گاباﺋىن خانىمنىڭ خەلقىمىزگە بېغىشلىغان بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئەمگىكىنى كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارغا ماتېرىيال مەنبەسى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىدىدە تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمىدە خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم، مۇناسىۋەتلىك يولداشلار ۋە كەڭ ئاممىنىڭ تۈزىتىپ پايدىلىنىشىنى ۋە پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— تەرجىماندىن

# بىبلىئوگرافىيە

## 1928 - يىلى

01. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ شامال ئىلاھى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن پارچە» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
Ujb 8:248 — 256

02. «بېكتاشىزمنىڭ[①] مەنبەسى» (فرانسۇزچە)
ئاپتورى: ك. ز. م. فۇئاد (1926 - يىل)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Ujb 8:465

## 1929 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى، I : پال كىتابىدىن پارچە» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
SBAW 15:241—268

02. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى، II : مانى دىنى يادىكارلىقى» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
SBAW 22:411—430

03. «ئىنگلىزچە-تۈركچە لۇغەت» :
— گ. روكۇئېت تۈزگەن (1927)
— شۇ ناملىق لۇغەتكە باھا
Ujb 9:458

04. «قەدىمكى تۈرك تىلى مەسىلىلىرى»، ئاپتورى: گ. راكۇئېت (1929)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Ujb 9:458—459

## 1930 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى، III : بۈيۈك مانىغا بېغىشلانغان قەسىدە» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
SBAW 13:183—211

02. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى، IV : يېڭىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گۇناھكارلار ئىقرارنامىسى» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
SBAW 24:432—450

03. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
Ujb 10:193—210

04. «تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر لامالىرىنىڭ قائىدە - مۇراسىمى ھەققىدىكى يازما يادىكارلىق» (گېرمانچە)
ئاپتورى: ف. ۋ. ك مۇللېر (1928)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
OLZ 33:542

## 1931 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى، V : بۇددىستلارغا ئائىت تېكستلاردىن پارچە» (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان
SBAW 14:323—356

02. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرى تەھلىلىنىڭ دەسلەپكى بەش پارچىسىغا كۆرسەتمە» (گېرمانچە)

① بېكتاشىزم — سوپىزمنىڭ تۈركىيەدىكى بىر مەزھىپى (ت)

www.turkikitap.com

— ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىغان
SBAW 17:461—517
03. «ئۇيغۇرشۇناسلىق IV »
(Uigurica)، (گېرمانچە)
— ق. ۋ. ك. مۇللېر بىلەن بىرلىكتە
تەھرىرلىگەن (گېرمانچە)
SBAW 675—727

## 1933 - يىلى

«فۇلىن مەسىلىسىگە بېغىشلانغان تەت-
قىقات» (گېرمانچە)
Sinica 8:195—197

## 1934 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇر-
پان تېكىستلىرى، VI: بۇددىستلار سۇتراسى
سەككىز يۇكمەك (يارۇغ)». (گېرمانچە)
— ۋ. باڭ ۋە گ. ر. رەخمەتى قاتارلىقلار
بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىغان
SBAW 10:93—192
02. «ۋ. باڭ كائۇپ [(1934 — 1869) Wilhelm Bang Kaup] نىڭ مۇسى-
بەت خەۋىرى» (گېرمانچە)
Ujb 14:335—339

## 1935 - يىلى

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شۈەنزاڭ-
نىڭ تەرجىمىھالى، I: بەشىنچى بابتىن
پارچە» (گېرمانچە)
SBAW 7:151—180

## 1938 - يىلى

01. «〈شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى〉دىن
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان
خەت - چەكلەر» (گېرمانچە)
SBAW1 938:29:371—415
02. «تۈركىيىلىك ئوقۇغۇچىلار —
گېرمانىيىلىك پروفېسسورلار» (گېرمانچە)
Wille und Macht 6:37 — 39
03. «پولشادا تۈركولوگىيە» (گېر-
مانچە)
Polski Biuletyn orientalistyczny 2:48—49
04. «ئاشىقپاشازادە (Asikpasazade)
لەرنىڭ تىلى» (گېرمانچە)
ئاپتورى: خ. ج. كىسلىڭ (1936)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
OLZ 41:38—40
05. «تۈركىي تىللىرىنىڭ قۇرۇلمى-
سى» (گېرمانچە)
ئاپتورى: ك. گرۆنبېك (1936)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
OLZ 41:552—561

## 1940 - يىلى

01. «تۈركىي تىللىرىدىكى خەۋەرنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرى» (گېرمانچە)
Korosi—Csoma—Archivum 3:84—94
02. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹n›
تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل شەكىللى-
رى» (گېرمانچە)
Annali del R. Istituto Superiore
Orientale di Napoli, 1:299—303

## 1941 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلى گرامما-
تىكىسى: قوشۇمچە بىبلىئوگرافىيە، ئوقۇش
تېكىستى، سۆز - ئاتالغۇ ھەمدە ھازىرقى زا-
مان تۈرك تىلى»
Porta linguarum orientalium 23. Leipzig:
Otto Harrassowitz. xvii+357 pp
(01:1950، 0:1974 - يىللاردىكى گېر-
مانچە سانلىرىغا قاراڭ)

## 1942 - يىلى

01. «ئالېكساندىر كسوما ۋون كو-
رۆس (1784.4.4 — 1842.4.11)
ھەققىدە ئەسلىمە» (گېرمانچە)
Ujb 22:310—311
02. «ئافغانىستاندىكى تۈركىي قەبىلى-
لىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى» (ئىنگلىزچە)

— ئاپتورى: گۇننار ياررىڭ (1939)
OLZ 45:129—130
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا

## 1943 - يىلى

01. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى: مىلادى 1240 - يىلى موڭغۇللارنىڭ كودې ئارىلىدا قالدۇرغان تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسەن تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئىزاھلانغان» (گېرمانچە)
ئاپتورى: ئې. خانىس (1941)
Historische Zeitschrift 167:591—595
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
02. «ئالتۇن رەڭ يايلاق قەبىلىسى: موڭغۇللار روسىيىدە (1223 — 1502)» (گېرمانچە)
ئاپتورى: ب. سپۇلېر (1943)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
ZDMG 97:351—353

## 1944 - يىلى

01. «ھىندى توپلاڭچىلىرى: بەش پەردىلىك تراگېدىيىلىك تىياتىر»
ئاپتورى: ئابدۇلرەئىف فىترەت (ئۆزبېكچە)
— ۋ. قەييۇمخان بىلەن بىرلىكتە گېرمانچىگە تەرجىمە قىلغان ۋە تەھرىرلىگەن.
Turkistan kitabhanisi, 1. Grafenhaini—chen: R. Herroses Verlag
02. «كومانچە لۇغەت»
تۈزگۈچى: ك. گرۇنبېك (1942)
— شۇ ناملىق لۇغەتكە باھا
OLZ 47 : 47—51

## 1945 - يىلى

01. «ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى: قوشۇمچە بىبلىئوگرافىيە، ئوقۇش تېكىستى، سۆز - ئاتالغۇلار، تۈركىستان خەرىتىسى ھەمدە ئۆزبېكچە يەر - جاي نامىلىرى» (گېرمانچە)
Porta linguarum orientalium 25. Leipzig, Otto Harrassowitz. xvi+278 pp
02. «ئۇيغۇرشۇناسلىق IV: ف. ۋ. ك. مۈللېر تەرىپىدىن چىقىرىلىشقا باشلاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، گابائىن خانىم تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە تاماملانغان» (تۈركچە)
Istanbul: Bürhaneddin Erenler Basimevi

## 1949 - يىلى

01. «يىراق قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كەڭ دالا ۋە شەھەر ھاياتى» (گېرمانچە)
Der Islam 29 : 30—62
(ھەمدە 1950:02 - يىللىق سانلىرىغا قاراڭ)
02. «تۈركىي خەلقلەرنىڭ 4 - ئەسىردىكى يازما يادىكارلىقلىرى» (فرانسۇزچە)
ئاپتورى: لا. بازىن
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 29 : 244—246
03. «شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىلىم - مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار (ئىنگلىزچە) I، II»
ئاپتورى: گۇننار ياررىڭ (1948 — 1946)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
ZDMG 99:135—137
04. «ئالتۇن يارۇغدىن ئىككى پارچە» (تۈركچە)
ئاپتورى: س. س. چاغاتاي (1945)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
ZDMG 99:282—284

## 1950 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلى گرامماتىكىسى» (گېرمانچە)
— ئىككىنچى قېتىملىق نەشرى
(1941 - يىلى بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان)
02. «كۆك تۈركلەرنىڭ كۆچمەن ياي-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



لاق هاياتىدىن مۇقىم، ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى» (تۈركچە)
— 1949:01 - يىلىدىكى تۈركچە نەشرىگە ئاساسەن گېرمانچىگە تەرجىمە قىلغان.
Ankara üniversitesi Dil ve Tarih—Cografya Fakültesi Dergisi
03. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى» (گېرمانچە)
SDAW 3. 24 PP
04. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى ئالماشلار» (گېرمانچە)
ZDMG 100:581—591
05. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى يەر - جاي ناملىرى»
Studia orientalia 14:5. 14 pp
06. «قۇتاتغۇ بىلىگ، I : مېتىن» (تۈركچە)
— رەشىد رەخمەتى ئارات (1947)
— شۇ ناملىق تەتقىقاتقا باها
Der Islam 29:77—78

## 1951 - يىلى

«قارا قالپاق تىلى گىراماتىكىسى» (ئىنگلىزچە)
ئاپتورى: ك. ن. مېنگېس (1947)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باها.
DLZ 72:341—344

## 1952 - يىلى

01. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى (607 — 745)» (گېرمانچە)
NGNVO 72:18—32, 48—49
02. «مىڭ يىل ئاۋۋالقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا - قەسىرلىرى» (گېرمانچە)
Übersee—Rundschau 4:58—59
03. «تۈركىي تىللىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تارىخىي ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى» (گېرمانچە)
UAJb 24:105—111
04. «مەھمۇد كاشغەرى: ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› » — I II III تومlar
— بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە نەشرىگە باها (1939 — 1943)
Der Islam 30:114—115
05. «ئون ئىككى هايۋان نامى بىلەن ئاتالغان تۈركىي خەلقلەر كالېندارى»
ئاپتورى: ئو. تۇران (1941 - يىل، تۈركچە نەشرى)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باها
Der Islam 30:115—117
06. «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ خەنزۇچە — ساسىكرىتچە — گېرمانچە سېلىشتۇرما ئىنسىكلوپېدىيىسى»
تۈزگۈچى: خ. خاكمان (1951)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باها
NGNVO 72:37—38, 49
07. «جاھاننامە: مەۋلانە مۇھەممەد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئوسمانىيلار يىلنامىسى، 1» (گېرمانچە)
ئاپتورى: ف. تائېسنېر (1951)
— شۇ ناملىق تەتقىقاتقا باها
DLZ 73:588—590
08. «قارا قالپاقلار تىلى» (گېرمانچە)
ئاپتورى: س. ۋۇرم (1951)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باها
Anthropos 46:487—610 Zeitschrift für phonetik und allgemeine Sprachwissenschatft 6:257—260
09. «جۇڭگونىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىس قوراللىرى، ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىپتىدائىي دىنى» (گېرمانچە)
ئاپتورى: س. ھېنزې (1951)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باها
Anthropos 47:1057—1061

## 1953 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە سېھرىي جۇلاسى» (گېرمانچە)
Anthropos 48:537—556

02. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدا-
دى: ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر-
دىكى ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە تىل - ئەدەبىيا-
تى» (گېرمانچە)

Mitteilungen des Institus für
Orientforschung 1:474—479

03. «تارىختىن بۇرۇنقى قىيا تاش سۈرەت-
لىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى»
(گېرمانچە)

In: Fuad koprülü Armagani, Istanbul,
169—176

04. «تۈرك تىلىدىكى قوشما پېئىللار»
(گېرمانچە)

Türk dili arastirmalari yilligi belleten 1—15

05. «جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى 5»
(گېرمانچە)

ئاپتورى: ئو. فرانكې (1951)

— ئەسەرگە باھا، NGNVO 75:55—61

06. «تۈركىي تىللىرىنىڭ تارىخىي فونېتى-
كىسىغا دائىر ماتېرىياللار» (گېرمانچە)

ئاپتورى: م. راسىنېن (1949)

— ئەسەرگە باھا OLZ 48:67—68

07. «تۇرانلار ‹تۈركىي خەلقلەر› تەتقىقا-
تى» (گېرمانچە)

ئاپتورى: ئى. سۋىدېتسكى (1950)

— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.

OLZ 48:166—168

## 1954 - يىلى

01. «دىن تارقاتقۇچى بۇددىست تۈرك-
لەر» (گېرمانچە)

Asiatica:Leipzig Otto Harrassowitz, 161—173

02. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان
تېكىستلىرى. V Ⅲ : براھمى قول يازمىلى-
رى» (گېرمانچە)

ADAW 7.105 pp

03. «ئېفېگېنىيە تېپىدىكى بىر تۈرك درا-
مىسى» ، (گېرمانچە)

Westostliche Abhandlungen:Rudolf
Tschudi zum 70. Geburtstag, Wiesbaden:
Otto Harrassowitz, 278—287

04. «مارتتىي راسىنېننىڭ تۇغۇلغان كۈنى-
نى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە»

— ئو. پرىتساك بىلەن بىللە ئېلان قىلغان
(گېرمانچە)

UJb 26:123—125

05. «ئالتاي فىلولوگىيىسى ۋە تۈركولو-
گىيىگە مۇقەددىمە» (گېرمانچە)

ئاپتورى: ج. بېنزىڭ (1951)

— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.

Die Welt des Islam, NF. 3:290—292

06. «ئاسىيا يايلاق خەلقلىرى: كۆچمەنچى-
لىك دەۋرىدىكى قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئال-
تاي، ئاباقان تاتارلىرى» (گېرمانچە)

ئاپتورى: ۋ. سىمىت (1949)

— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.

OLZ 49:437—440

## 1955 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋاقىت
ھېسابلاش ۋە خاتىرىلەش سىستېمىسى» ،
(گېرمانچە)

UAJb 27:191—203

02. «ھون ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ توغقان-
چىلىقى» ، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان
(1950 — 1955)

Zeki Velidi Togan Armagani:Symbolae in
honorem Z. V. Tgan. istanbul, 14—29

03. «چىن سۇلالىسى تارىخىدىكى تۇيغۇن-
لارغا ئائىت ماتېرىياللار» (ئىنگلىزچە)

ئاپتورى: ت. د. كاررول (1953)

— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا

Oriens 8:301 — 303

04. «تۈرك خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپلى-
رى» ، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ۋ. ئېبېرخارد / پ. ن. بوراتوۋ (1953)

Der Islam 32:129—131

— ناملىق ئەسەرگە باھا.

TURPANOLOGICAL RESEARCH

05. «بەش سۇلالە دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەر»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ج. ر. خامىلتون (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.
UAJb 27:128

06. «موڭغۇل ئەدەبىيات تارىخىنىڭ خام ماتېرىياللىرى: ئاستانە (بېيجىڭ) لامالىرىنىڭ ياغاچ مەتبەسى»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ۋ. ھېيسسىگ
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
UAJb 27:252—253

07. «موڭغۇل تىلىنىڭ 14 - ئەسىردىكى خەنزۇچە ترانسكرىپتسىيىسى: 1389 - يىلى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان يات تىللار (华译异语)»
ئاپتورى: م. لېۋىسكى (1949 - يىلى فرانسۇزچە نەشرى)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.
OLZ 50:177—179

08. «قارا كۆز: كۆلەڭگىلىك تۈرك دراماسى»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ن. رىتتېر (1953)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
ZDMG 105:230—231

09. «ئاسىيادىكى يايلاق خەلقلىرى: يىراق كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىكى موڭغۇللار ۋە بۇرىيادلار»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ۋ. سىممىت (1952)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
OLZ 50:66—69

## 1956 - يىلى

01. «ئالتايشۇناسلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان لايىھىسى». (گېرمانچە)
ZDMG 106:23—42

02. «ۋىلھېلىم سىممىتنىڭ تەتقىقاتىدىن ئالتاي خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا بىر نەزەر». (گېرمانچە)
Anthropos 51:1067—1074

03. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاسمان بىلەن زېمىندىن تۆرەلگەن بۇيۇك نوم بىتىگ — سەككىز يۇكمەك ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)
ئاپتورى: فېڭ جىياشېڭ (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
《考古学报》9:183—192
UAJb 28:101

04. «يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرچە پۈتۈلگەن ئىككى پارچە توختامنامە»، (خەنزۇچە)
ئاپتورى: فېڭ جىياشېڭ (1954)
《历史研究》1:119—131
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
UAJb 28:101

05. «‹ئۇرال ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى›، ۋە ئۇنىڭ ‹ھونشۇناسلىق يىلنامىسى› دىكى داۋامى» (گېرمانچە)
OLZ 51:537—539

06. «17 - ئەسىردىكى موڭغۇللار يىلنامىسى» (ئىنگلىزچە)
ئاپتورى: س. ز. زامكارانو (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
DLZ 77:810—812

## 1957 - يىلى

01. «مايتىرى سىممىت، I : بۇددىزمنىڭ ۋايباسكا مەزھىپىگە ئائىت قەدىمكى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان تەقلىدىي نۇسخا» (گېرمانچە)
Wiesbaden: Franz Steiner. 69 pp, 113 tables

02. «ھالاكەت ۋە گۈللىنىش — ئومۇمىي قانۇنىيەت: قەدىمكى جۇڭگو، بۇيۇك ئاسىيا ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرى، « I II »، (گېرمانچە)
ئاپتورى: س. ھېنتز (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا.
Anthropos 52:656—658

03. «موڭغۇل يېزىق تىلىنىڭ گراماتىكىسى»، (ئىنگلىزچە)

ئاپتورى: ن. پوپپې (1954)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
NGNVO 81:68—70
04. «ئاسىيادىكى قەدىمكى يايلاق خەلقلەرى: كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ياقۇتلار» . (گېرمانچە)
ئاپتورى: ۋ. سىمىت (1954)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
OLZ 51:58—64

## 1958 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، Ⅸ : تۇخرى تىلىدىكى ھەزرىتى مانىغا بېغىشلانغان قەسىدە، B قوشۇمچە قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمىسى» . (گېرمانچە)
— ۋ. ۋىنتېر بىلەن بىرلىكتە ئىلان قىلىنغان.
SBAW 2.44 pp
02. «شەرقىي - جەنۇبىي تۈركىيىدىكى مەدداھلار قىسسىلىرى» ، (ئىنگلىزچە)
ئاپتورى: ۋ. ئېبېرخارد (1955)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Anthropos 53:655—656
03. «شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان ئېتنوگرافىيىگە دائىر تېكىستلەر» ، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ك. خ. مېنگېس (1955)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 33:194—196
04. «تۈركىي تىللىرىنىڭ مورفولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار» . (گېرمانچە)
ئاپتورى: م. راسىنېن (1957)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 30:153—155

## 1959 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، X : ئاتاۋاكادىكى جىن - شەيتان ئاۋادانا» ، (گېرمانچە)

ت. كوۋالسكى بىلەن بىرلىكتە ئىلان قىلىنغان
ADAW 1.60 PP
02. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر» ، (گېرمانچە)
In:Ptf 1:21—45
03. «كومان تىلىدىكى كۆچۈرۈلمە قوليازمىلار» (گېرمانچە)
In:Ptf 1:46—73
04. «تۈركمەن خەلق چۆچىكى — ئاقپامىق» ، (گېرمانچە)
UAJb 31:95—111
05. «ئىسكىتلار (Scythian) نىڭ دىنىي قولىيازما خاتىرىلىرى» (گېرمانچە)
ئاپتورى: خ. ۋ. خائۇسىگ (1953)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Byzantion 23. ZDMG 109:435—438
06. «شەرقىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر خەنزۇچە مەنبەلەر» (گېرمانچە)
ئاپتورى: لىۇ ماۋسەي (1958)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
ZDMG 109:460—463

## 1960 - يىلى

01. «پروفېسسور جۇلىئۇس نېمېتنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە سۆزلەنگەن سۆز: 1960 - يىلى 2 - نويابىر» ، (گېرمانچە)
UAJb 32:161—163
02. «25 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ۋە مۇنازىرىلەر: موسكۋا، 1960 - يىلى 9 — 16 - ئاۋغۇست» ، (گېرمانچە)
Orient 1:65—67
03. «ياپونىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى» ، (گېرمانچە)
— ج. گلائۇبىتز، پ. سپۇلېر ۋە ئو. پرىتساكلار بىلەن بىرلىكتە ئىلان قىلىنغان
DerIslam 35:127—141

تۇغۇرلۇق كىتاب تورىبېكىتى www.tughurkitap.com



04. «قازاقلارنىڭ ئىجتىمائىي فىلولوگىد-
يىسى ھەققىدىكى تەتقىقات» (گېرمانچە)
AOH 11:161—167
05. «ئالىملار قانداق يازىدۇ» (رۇسچە)
Voprosy jazykoznanija 9:6:133
06. «تۈرك تىلى گراماتىكىسىنىڭ پرىن-
سىپلىرى»، (فرانسۇزچە)
— ئاپتورى: ج. دېنىي (1955)
شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 36:1—2:20—212
07. «جۇڭگو سىمۋولىزمىنىڭ ئالەم ھەققىد-
دىكى باياناتلىرى»، (گېرمانچە)
— ئاپتورى: خ. كوستېر (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Sinologica 6:212—213
08. «ئوسمانلى سۇلالىسىگە بېغىشلانغان
مۇھىم بىر تەتقىقات: سۇلتان ۋەلىدىنىڭ
تۈركچە شېئىرلىرى». (تۈركچە)
— ئاپتورى: م. مەنسۇر ئوغلى (1958)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
UAJb 32:253—254
09. «مىرزا مەھدى خان تەرىپىدىن پارسچە
ئىزاھلانغان چاغاتاي تىلى»
— ئاپتورى: ك. خ. مېنگىس (1957 - يىد-
لى گېرمانچە نەشرى)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 35:202—204
10. «موڭغۇل خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە
يېڭى تەتقىقات: موڭغۇل خەلق قوشاقلىرى»
، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ن. پوپپې (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
UAJb 32:255—256
11. «جاھاننامە: مەۋلانە مۇھەممەد نەسرى
تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئوسمانىيلار يىلنامە-
سى، 2»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: ف. تائېسنېر (1955)
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
DLZ 81:893—895

## 1961 - يىلى

01. «مايترى سىمىت II: بۇددىزم-
نىڭ ۋايباسىكا مەزھىپىگە دائىر قەدىمكى
تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەقلىدىي
نۇسخا»، (گېرمانچە)
Berlin: Akademie—Verlag 93pp. ,203 tables
02. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (1250 —
950)»، (گېرمانچە) SDAW
03. «تابغاچ (توبا) تىلى تەتقىقاتى: 5 -
ئەسىر»، (فرانسۇزچە)
ئاپتورى: ل. بازىن
— شۇ ناملىق ئەسەرگە باھا
04. «مامۇلۇك سۇلالىسى دەۋرىدە تۈ-
زۈلگەن ئەرەبچە - قىپچاقچە سۆزلۈك:
«Bulgat al—mustaqfi lugat al—türk wa—qifjaq
(فرانسۇزچە)
باش تەھرىرى: ئا. زاياكوۋسكى (1958 —
1954)
— شۇ ناملىق سۆزلۈككە باھا
Der Islam 36:3
05. «ھىندى - ئىسكىتلار تەتقىقاتى: خو-
تەن تېكىستلىرى، 4»، (ئىنگلىزچە)
باش تەھرىرى: خ. ۋ. بەيلېي (1961)
— شۇ ناملىق تەتقىقاتقا باھا
UAJb 33:458—459

## 1962 - يىلى

01. «ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك
قىياپىتى»، (ياپونچە)
Toyo gakuho 45:3:94—104
02. «قازاقلارنىڭ كىيىپ - چىقىشى»،
(تۈركچە)
باش تەھرىرى: نېمېت. گ
Ankara: Türk Dil Kurumu yayinlari.
191,167—170
03. «رەڭ ئاتالغۇلىرىنىڭ سىمۋوللۇق مە-
نىسى» (گېرمانچە)
AOH 15:111—117
04. «‹ئۇرال - ئالتايشۇناسلىق يىلنامە-
سى› نىڭ ئون يىلى» (گېرمانچە)

UAJb 34:1—3

05. «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي خەلق-لەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى»، (گېرمانچە)

UAJb 34:284—286

06. «موڭغۇل تىلى لۇغىتىنىڭ لايىھىسى»، (گېرمانچە)

UAJb 34:158

07. «دۇنياغا مەشھۇر ئولتۇراق ئۆي - ئى-مارەتلەر: قەدىمكى جۇڭگو، بۈيۈك ئاسىيا ۋە قەدىمكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھ سىمۋو-لى توغرىسىدىكى تەتقىقات»، (گېرمانچە)

ئاپتورى: س. ھېنتز (1962)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

Anthropos 57:916—917

08. «جۇلىئۇس ۋون فاركاسنىڭ ئۆلۈمى-دىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى: ۋېنگىرلار مەدەنىيىتى» (توماس ۋون بوگ-ياي تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىپ ئېلان قىلىن-غان)، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ج. ۋون فاركاس (1961)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

UAJb 34:125—127

09. «‹سوۋېت تۈركولوگىيىسى› ژۇرنى-لىنىڭ ئومۇمىي بىبلىئوگرافىيىسى (1957 — 1917): سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىلشۇناسلىقىغا دائىر رۇس تىلىدا نەشر قى-لىنغان ئەسەرلەر بىبلىئوگرافىيىسىگە باھا»، (گېرمانچە)

UAJb 34:157—158

10. «شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان 10 - 13 - ئەسىرلەرگە دائىر يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گراماتىكىلىق تەسۋىرى»، (رۇسچە)

ئاپتورى: ئا. م. شېرباك (1961)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

UAJb 34:171

11. «تونجى ئۆزبېك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مە-دەنىيەت پائالىيەتلىرىگە دائىر قولىيازمىلارغا ئىزاھ»، (ئىنگلىزچە)

ئاپتورى: ئا. شىممېل (1960)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

Journal of the Pakistan Historical Society 149—166. UAJb 34:172

12. «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەرگە ئى-زاھ»، (ئىنگلىزچە)

ئاپتورى: گ. ئۇراي (1961)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

AOH 12:223

13. «تاتار خەلق ماقاللىرى»، (تاتارچە)

ئاپتورى: ن. ئىسەنبەت (1959)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

UAJb 34:176—177

14. «خاكاس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ‹قارلۇق› ۋە ‹ساداق› ئاتالغۇلىرى ھەققى-دە»، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ك. ئۇراي - كۆھەلمى (1960)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

(AOH 11:293—297). UAJb 34:179

15. «گېرمانچە - تۈركچە لۇغەت»

ئاپتورى: خ. جانسكى (1961 — 1958)

— شۇ نامىلىق لۇغەتكە باھا

1/2. UAJb 34:280

16. «قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئې-پوسى — ماناس»، (گېرمانچە)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

UAJb 34:181

17. «چۇۋاش تىلىدا سۆزلەرگە ‹v› تاۋۇشى قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى»، (گېرمانچە)

ئاپتورى: م. ك. پاللو (1961)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

(AOH 12:33—44). UAJb 34:182

18. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توختام-نامە تۈزۈش ئۇسۇلى: قەدىمكى ئۇيغۇر تى-لىدىكى قەرز سەرپىياتىغا ئائىت ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» (گېرمانچە)

ئاپتورى: م. مورى (1961)

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 34:280—283

19. «موغۇل تەتقىقاتى: پارسچە - موغۇلچە سۆزلۈك ۋە گراماتىكا»
تۈزگۈچى: ش. ئىۋامورى (1961 - يىلى گېرمانچە نەشرى)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 34:283—284

20. «غازى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى، 1» ، (1961 - يىلى، تۈركچە)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 34:304

21. «تويو بۇنكو (ياپونىيە) تەتقىقات ئورنىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» (ئىنگلىزچە)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 34:304

22. « (The Toyo Gakuho) »
42:3(1959), 42:4(1960)
UAJb 34:304

23. «ئېرزۇرۇملارنىڭ تارىخىي ئابىدىلىرى ۋە قولىيازمىلىرى» (تۈركچە)
ئاپتورى: ئى. خ. كونيالى (1960)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 34:305

24. «‹بابۇرنامە› گە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەتلەر»، (گېرمانچە)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا (1962)
UAJb 34:305

## 1963 - يىلى

01. «تۈركولوگىيە ژورنىلى» (گېرمانچە)
— تەھرىرلىك قىلغان HO 5:1:1

02. «تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى»، (گېرمانچە)
26 — 1: (1963:01) گە قاراڭ
HO 5:1

03. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللار»، (گېرمانچە)
160 — 139: (1963:01) گە قاراڭ
HO 5:1

04. «تۈرك تىلىنىڭ غەربىي - جەنۇب دىيالېكتى»، (گېرمانچە)
204 — 174: (1963:01) گە قاراڭ
HO 5:1

05. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى: قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتى: 1»، (گېرمانچە)
228 — 207: (1963:01) گە قاراڭ
HO 5:1

06. «شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قۇرغان قورغانلىرى» (ئىنگلىزچە)
— ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى: 21 — 8:16

07. «ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ھەققىدە مۇلاھىزە: — قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1250)»، (ئىنگلىزچە)
— 1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئالتاي مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ماقالە.
URalic and Altaic Series 23. Blooming—ton, The Hague: Indiana University Pub—lications 45—46

08. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە يۈرۈش - تۇرۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، (ئىنگلىزچە)
— 1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئالتاي مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ماقالە

Uralic and Altaic Series 23, Bloomington, The Hague: Indiana University Publications, 171—174

09. «دۇنيا تارىخ سەھىپىسىدە تۈر-كىي خەلقلەر» ، (ياپونچە)

Oriento 6:1:43:43—57

## 1964 - يىلى

01. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەچىلىك تېخنىكى-سى» ، (گېرمانچە)

In:ptf Ⅱ :171—191

02. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەدە-بىياتى» ، (گېرمانچە)

In:ptf Ⅱ :211—243

03. «كومانلار ئەدەبىياتى» ، (گېر-مانچە)

In:ptf Ⅱ :243—251

04. «قەدىمكى تۈركىي يېزىقىدىكى براھمى تېكستلىرى» ، (گېرمانچە)

Studia Orientalia 28:5:3—11

05. «موڭغۇل ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تا-رىخى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات: — 1835 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئىسبابلدان دېگەن جا-يىدا تۈزۈلگەن موڭغۇل لامالىرىنىڭ ئىبادەت-خانا قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يىلنامىسى» ، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ۋ. ھېيسىگ (1961)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

UAJb 35:240—241

06. «ئۆزبېكچە گېزىتلەرنىڭ كىتاب-خانلىرى، قوشۇمچە سۆزلۈك» ، (گېرمان-چە)

ئاپتورى: ن. پوپپې (1962)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

JAOS 84:456—457

## 1965 - يىلى

01. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئېيىلىزادىلىرى-نىڭ ئۈچ قىرلىق باش كىيىملىرى» ، (گېرمانچە)

UAJb 36:331—335

02. «يۇڭگاڭ تاش غارىدىكى ئىلاھىي تۇس ئالغان ئۇچقۇر پەرىشتىلەر رەسىملى-رى» ، (گېرمانچە)

NGNVO 97:7—12

03. «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئە-سىردىكى ئات مەدەنىيىتى ۋە چەۋەندازلىرى» ، (گېرمانچە)

CAJ 10:3—4:228—243

04. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاسترونومىيە بىلىملىرى توغرىسىدا تەتقى-قات» ، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ل. بازىن (1963)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

ZDMG 115:428—429

05. «گېرمانىيىنىڭ تۇرپاندىن يىغى-ۋالغان مانى دىنىغا ئائىت قولىيازمىلار كاتو-لىگى» ، (ئىنگلىزچە)

تۈزگۈچى: م. بويىسې (1960)

— شۇ نامىلىق كاتولوگقا باھا

OLZ 60:501—504

## 1966- يىلى

01. «رەشىد رەخمەتى ئارات: (29. 11. 1964 — 15. 4. 1900)» ، (گېرمان-چە)

UAJb 38:133—134

02. «ئۇرال ۋە ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرى توغرىسىدىكى مەخسۇس ماقالىلەر توپلىمى» ، (گېرمانچە)

UAJb 38:135—136

03. «ياپونىيىدە شەرقشۇناسلىق تەتقى-قاتى» ، (گېرمانچە)

UAJb 38:136—141

04. «سوۋېت تۈركولوگىيىسىنىڭ بۈ-يۈك ئۇستازى — نىكولاي ئالېكساندروۋىچ باسكاكوۋ» ، (گېرمانچە)

UAJb 38:149—150

05. «مەدەنىيەت نۇقتىئىينەزەرى

www.uyghurkitap.com





ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، (گېرمانچە)
UAJb 38:177—181

06. «بايىن چوكتو مەڭگۈ تېشى»، (فرانسۇزچە)
ئاپتورى: ر. گىرائۇد (1961)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 42:103—106

07. «تۈركىي خەلقلەر فىلولوگىيەسىنىڭ ئاساسلىرى، II »، (لاتىنچە)
باش تەھرىرى: ل. بازىن (1964)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 42:288—290

08. «سىبىرىيىدىكى قەدىمىي كۆچمەنلەر: سىبىرىيىگە كەلگەن سەيياھلار تەتقىقاتى»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: د. گ. مېسسېرسمىت (1964 - 1962)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 38:141—143

09. «تۈركىي تىلىنىڭ شەرقىي دىئالېكتى ھەققىدىكى تۈركىيچە - ئىنگلىزچە لۇغەت».
تۈزگۈچى: گۇننار ياررىڭ (1964)
— شۇ نامىلىق لۇغەتكە باھا
UAJb 38:150—151

10. «تاتار تىلى قوللانمىسى: قوشۇمچە گىراماتىكا باياني، ئوقۇش تېكستى ۋە تاتارچە - ئىنگلىزچە سۆزلۈك».
تۈزگۈچى: ن. پوپپې (1963)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
UAJb 38:152—154

## 1967 - يىلى

01. «تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەنبەسى»، (گېرمانچە)
SDAW 1.40 PP

02. «تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەنبەسى» (گېرمانچە)
Forschung und Fortschritte 41:276—277

03. «باشقىرت تىلى قوللانمىسى: قوشۇمچە گىراماتىكا باياني، ئوقۇش تېكستى ۋە باشقىرتچە - ئىنگلىزچە سۆزلۈك»
تۈزگۈچى: ن. پوپپې (1964)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Der Islam 43:229—231

## 1968 - يىلى

01. «رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى»، (تۈركچە)
Türkoloji dergisi 3:107—113

02. «سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈركولوگىيە»، (گېرمانچە)
Mitteilungen der Sociatas Uralo—Altaica 1:196—206

03. «تەقرىزلەر ھەققىدە»، (گېرمانچە)
UAJb 40:253 — 254

04. «ئوخشاش تىپتىكى يېڭى بىر ژۇرنال»، (گېرمانچە)
UAJb 40:118—119

05. «قەدىمكى ھىندى دىنلىرى، 3: بۇددىزم — جىنىزم[1] — ئىپتىدائىي خەلقلەر»، (گېرمانچە)
تۈزگۈچىلەر: ئا. بارېئۇك
ۋ. سىخوبرېك
س. فۇربې - خامېندورف
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Theologische Revue 64:300—302

06. «سۋېن ھېدىننىڭ ئاتلىشى توغرىسىدا»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: سۋېن ھېدىن (1967)
— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا
Central Asia Atlas
UAJb 40:241—242

07. «قەدىمكى جۇڭگونىڭ كەشپىياتلىرى: دۇنيا تارىخىدا قەدىمكى جۇڭگو»، (گېرمانچە)
ئاپتورى: س. ھېنتز (1967)

[1] جىنىزم — تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىيەتچىلىك ئېتىقادى (ت)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

Anthropos 63—64 (1968—1969):596—597

08. «ياپونىيە: قەدىمكى سەنئەت» (گېرمانچە)

ئاپتورى: ج. ئې. كىددېر (1964)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

NGNVO 103:77—78

## 1969 - يىلى

01 «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاز سان-لىق مىللەتلەر»، (گېرمانچە)

Sprache 241—249

(Cf. 1974:03)

02. «ئوتتۇرا ئاسىيا»، (گېرمانچە)

ئاپتورى: ئا. بېلېنىسكىي (1968)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

CAJ 13:155—156

03. «ئالدىنقى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى (1028 — 960)»

ئاپتورى: ئې. پىنكس (1968 - يىلى گېر-مانچە نەشرى)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

CAJ 13:156—159

04. «ئون ئىككىنچى ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان»، (ئىنگلىزچە)

ئاپتورى: ۋ. سامولىن (1969)

— شۇ نامىلىق ئەسەرگە باھا

Der Islam 45:177—178

## 1970 - يىلى

01. «تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمى-لارنىڭ تارىخىي دەۋرى»، (گېرمانچە)

Acta orientalia 32:115—124

02. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دەسلەپ-كى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەھۋالى» (گېرمانچە)

